شانىياز كەپەل



# قۇياش قىزى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شانىياز كەپەل

# قۇياش قىزى

( شېئىرلار توپلىمى )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

太阳的女儿：维吾尔文/夏尼亚孜·卡帕力著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.2
ISBN 978—7—5373—1748—1

Ⅰ.太… Ⅱ.夏… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 016113 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

太阳的女儿

夏尼亚孜·卡帕力　著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米　1/32 开本　4.125 印张　2 插页
2009 年 2 月第 1 版　2009 年 2 月第 1 次印刷
印数：1—3000　　定价：10.00 元



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

بۈگۈنكى دەۋر تاجىك ئەدەبىياتى خۇددى ئېگىز يايلاقلاردىكى رەڭگارەڭ گۈللەردەك ئۆزگىچە خۇش پۇراق چېچىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرماقتا.

شۇ شېئرىيەت گۈلزارلىقىدىكى خۇش پۇراق گۈللەرنى قەلەم ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ جۇلالىق ئېچىلدۇرۇپ ۋە جاپالىق پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق مېھنەتكەش تاجىك شائىرى شانىياز كەپەل 1958- يىلى تاشقورغان ناھىيە بۇرۇمسال يېزىسىنىڭ ژۇراب كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقىرىپ، 1973- يىلىدىن 1978- يىلىغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1978- يىلىدىن 1983- يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

ئۇ باكالاۋرلىق ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، تاشقورغان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ تا ھازىرغىچە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئىلمىي مۇدىر قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

شانىياز كەپەلنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1980- يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 500 پارچىغا يېقىن نەزمىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «سېغىندىم» ، «قويچى مەن» «پارتىيەم» ، «سالام يۇرتۇم» قاتارلىق شېئىرلىرى «خۇش ئامەدى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا،

«ۋەتەن ئۈمىدى — مېنىڭ ئۈمىدىم»، «رەسىم سىزىمەن»، «جەڭچى قەلبى»، «تاغ ئوغلانى»، «غۇنچىلار ئاۋازى»، «يەتتە زات دىللاردا هايات» قاتارلىق شېئىرلىرى «مۇزتاغ سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا، «بەختىيار خەلقىم»، «قەيسەر مالچى»، «ئىشچان قىزغا» قاتارلىق شېئىرلىرى «شىنجاڭ تاجىك ئەدبىلىرى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. «گۈزەل تاشقورغان»، «تاشقورغان دەرياسى»، «پامىر ئوغلىمەن»، «رەسىم سىزىمەن»، «مۇزتاغ خىسلىتى» قاتارلىق شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى ۋە «تاجىك خەلق ناخشىلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

شانىياز كەپەل هازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ، ئەسەرلىرىنى كۆپىنچە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يازىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا يېزا تۇرمۇشى، تاجىك خەلقىنىڭ باتۇر - ئەمگەكچانلىقى، مېھماندوستلۇقى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى، تاشقورغاننىڭ گۈزەل تاغ - دەريا مەنزىرىلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئىنچىل، چۈشىنىشلىك، شەكلى ئاددىي، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك بولۇشتەك كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شانىياز كەپەلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بارغانسېرى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت سەمەرەسىنى روياپقا چىقاردى. ئۇ تاجىك مىللىتىنىڭ پسخىك ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەت - سەنئەت، دۇنياقارىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ چىن، لىرىك هېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادىيەت دۇلدۇلىنى جەمئىيەت بەيگىسىنىڭ هەر-

قايسى تەرەپلىرىدە توختىماي چاپتۇرۇپ، تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يالقۇنلۇق نۇرى بىلەن نۇرلاندۇردى.

مەن ئۈمىدۋار شائىرىمىز شانىياز كەپەلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تاللاپ «قۇياش قىزى» دېگەن بۇ شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاشنى توغرا تاپتىم. ئىشىنىمەنكى، بۇ شېئىرلار توپلىمى شانىياز كەپەلنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ داغدام يول ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى تاجىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش، تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان تاشقورغاننىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىسىدىن يىراقتا تۇرۇپ ھوزۇرلىنىشتەك ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكۈسى.

روزى گۈلباي

# مۇندەرىجە

تاجىك قىزى ........................ 1
بىر دەستە مەرۋايى........................ 3
دىيارىم........................ 5
قەلب ئىزھارى........................ 6
كېلىمەن........................ 7
لەۋزىمنى ئاقلايمەن........................ 8
قوش يۈرەك ........................ 9
باھار جىلۋىسى ........................ 10
كەلدى شاۋگۇن ........................ 11
ياز ........................ 13
جەڭچى سۆيگۈسى ........................ 14
ۋەتەن ئىشقىدا ........................ 15
كۈلىمەن ........................ 16
قىزىم ۋە چېچەك ........................ 17
سالام يۈرتۇم........................ 18
ئىشچى ناخشىسى ........................ 21
ۋەتىنىم ........................ 22
قويچىمەن ........................ 23
سېغىندىم ........................ 24
جەڭچى قەلبى ........................ 25
ئىجادكارغا ........................ 26
شائىرغا مۇھەببەت ........................ 28
باھار ........................ 29
بەختىيار خەلقىم ........................ 30

باھار شادلىقى ........................ 31
كېپىنەك................................ 32
رەسىم سىزىمەن ...................... 33
يۈرەك تامچىلىرى ..................... 34
لەۋز قىل................................. 35
بەزىلەر ................................ 36
مېنىڭ جاۋابىم ........................ 38
قەيسەر مالچى ........................ 39
ئۇ شۇنداق جاپاكەش ................. 41
بۈگۈنكى كۈنۈمدە..................... 43
سۈتتەك ئاق .......................... 44
**پامىر كۈيلىرى** (سېكىل)................... 45
گۈزەل تاشقورغان ...................... 45
تاشقورغان دەرياسى ................... 46
يايلاقتىكى ناخشا ...................... 46
ھۆسنىڭگە نۇر سېپەر ئالتۇن رەڭ قۇياش ........ 47
مەلىكە بۇلاق ............................48
مۇقەددەس خىسلەت .................... 49
پامىر ئوغلىمەن ........................ 50
پامىرغا مۇھەببەت ....................... 51
قەلب كۈيى ............................. 52
بالىلىق چاغلار .......................... 53
تەبىئەت شۇ قەدەر سېخىي ـ گۈزەلسەن ...........60
يالغانچىلىق ـ پەسكەشلىك ................ 61
ئۆكۈنۈش ................................62
قالار مەندىن يادنامە ....................... 64

چۈچۈك تۈيغۇلار ........ 66
يىگىرمە ياش ........ 68
قۇياش قىزى ........ 70
**مۇۋەششەھلەر** ........ 71
جۈپ ئوغلانىم ........ 71
يەتتە زات ........ 73
**باغ ناخشىلىرى** ........ 82
باغ ........ 82
باغۋەن ........ 83
كۆچەت ........ 84
سەيلىگاھ ........ 85
**ناخشا تېكىستلىرى** ........ 87
سەن ئۆزۈڭ ........ 87
سايرىتىپ راۋابىمنى ........ 87
ۋەتەن قوينىدا ........ 88
دەۋرىمىز گۈزەل - پارلاق ........ 89
گۈزەل پامىر ........ 90
تاغ ئوغلانى ........ 91
گۈلسۈرەت ........ 92
سالام سىزگە مۇئەللىم ........ 93
گۈزەل ياشلىق ........ 94
كۈيلەيمىز باھار - يازنى ........ 94
قوبۇل ئەتكىن سالامىمنى ........ 95
چوپان قىز ........ 96
زەرەپشان ........ 97
ئانا يۇرتۇم بۇرمىسال ........ 98

ئاق چېچەك ........................ 99
**غۇنچىلار ئاۋازى** ........................ 100
مەكتەپ گۈزەل ........................ 100
كىتابنى مەن دوست تۇتتۇم ........................ 101
بۇلبۇل بولۇپ سايرىدىم ........................ 102
پەنگە يۈرۈش قىلايلى ........................ 103
كىچىك دوستلار ........................ 104
بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى ........................ 105
مەكتەپ بېغىدا ........................ 108
رۇبائىيلار ........................ 111
تۇيۇقلار ........................ 119

# تاجىك قىزى

خۇشرۇي قىز ئىشقىڭدا يۈرىكىم ئاتەش،
قەلبىمنىڭ قېتىدىن تەسۋىرلەي سېنى.
ۋە لېكىن ئىقرارمەن قەلىمىم ئاجىز،
شۇڭلاشقا كەچۈرگىن گۈزەل قىز مېنى.

بېشىڭغا ياراشقان كۇلتاڭمۇ① گۈلدەك،
دىلىمغا زوق بەرگەن جۇپ كۆزۈڭ ئويناق.
قىپقىزىل ئاناردەك مەڭزىڭ، لەۋلىرىڭ،
پاك ئىشقىم سەن ئۈچۈن ماگمىدەك قايناق.

چىرايىڭ، ھۆسنىڭنى گۈزەل دېمەيمەن،
دېگىنىم پاك ۋىجدان، قەلبىڭمۇ گۈزەل.
بارىڭنى ئاتىدىڭ ۋەتەن ـ ئەل ئۈچۈن،
شۇڭا سەن ھەممىنىڭ تىلىدا غەزەل.

كۆكسىڭدىن چۈشمەيدۇ شان ـ شەرەپ گۈلى،
سەن دائىم ھەر ئىشتا ئالدىدا بولغاچ.

① كۇلتا ــ تاجىك خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى.

قىشمۇ ياز ئوخشاشلا تەر تۆكۈپ ئىشلەپ،
ئەمگەكنى ئۆزۈڭگە يېقىن يار تۇتقاچ.

ئۆرلىگىن كۈنسېرى يۈكسەك پەللىگە،
«ئىشچان قىز»شەرەپلىك نامىڭنى ساقلا.
تارتساڭمۇ مىڭ جاپا ۋەتەن ئىشقىدا،
كۈرەشتە دائىما بۇرچىڭنى ئاقلا.

ئاخىرقى ئۇمىدىم چېۋەر قىز سەندىن،
پاك دىلىڭ ـ قەلبىڭنى بەرگىن سەن ماڭا.
سەن ئۆزۈڭ ئەمگەكچان ھەم گۈزەل بولغاچ،
يۈرىكىم قېتىدىن كۆيدۈم مەن ساڭا.

مەنمۇ ھەم پەرھادتەك بىلىم شەيداسى،
تۇرىمەن كۈرەشتە قەتئىي تاقابىل.
بۇ يۈرەك سۆزۈمنى قوبۇل قىل جانان،
بىرگە شان قۇچۇشقا ئىشەنچىم كامىل.

## بىر دەستە مەرۋايى

سۆيگىنىم ـ ئامرىقىم، گۈزەل يايلاقتىن،
ئەۋەتكەن سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.
ئەۋەتكەن سوۋغىسى ــ بىر دەستە مەرۋايى.
ئەزىزلەپ پۇرىدىم، قوينۇمغا سالدىم.

شۇ گۈزەل دىيارىم يايلاق قوينىدا،
تونۇشۇپ سىناشقانىدۇق ئىككىمىز.
ئەمگەكتە كۈنسېرى قۇچۇپ شان ـ زەپەر،
شۇ چاغدا چىگىغان سۆيگۈ، ۋەدىمىز.

مەن كەتتىم مەكتەپكە ــ بىلىم يۇرتىغا،
يارىمنىڭ شەرتىنى يۈرەككە تېگىپ.
ئۇ قالدى يايلاقنىڭ بولۇپ بىر گۈلى،
ۋەتەننى، خەلقنى ئەڭ ئەلا بىلىپ.

ئېھ، يارنىڭ قەلبىنى چۈشەندىم قايتا،
مەقسىتى چارۋىدىن مول ھوسۇل ئېلىش.
يايلاقتا قىشۇ ياز پەرۋىش قىپ مالنى،
ئىقبالنىڭ يولىغا مەھكەم ئۇل سېلىش.

بىغىشلاپ كۆچ ماڭا ئاشۇ مەرۋۇيگۈل،
مەكتىپىم قويىنىدا قۇچتۇم شان ـ زەپەر.
كىچمنى ئۇلاپ مەن، تىنماي ھەركۈنگە،
ئەجرىمدىن ئىجادىم ئاشتى شۇ قەدەر.

ۋەتەنگە ساپ تەردىن تۇتساق گۈلدەستە،
شەرەپنىڭ گۈلىنى تاقايمىز شۇ چاغ.
يېتىمىز ئارزۇنىڭ ۋىسالىغا ھەم،
بەرگەن چىن ۋەدىنى ئاقلايمىز شۇ چاغ.

# دىيارىم

دىيارىم ھۆسنىگە زەپ ھۆسن قوشقان،
ئاسماننى تىرەجەپ تۇرغان تاغلىرى.
كاككۇكنى، بۇلبۇلنى مەھلىيا قىلغان،
يۇرتۇمنىڭ جەننەتكە تىمسال باغلىرى.
پىچىرلار بەھۇزۇر قىز - يىگىت خۇشال،
گۇلباغدا ئۇچراشقان گۈزەل چاغلىرى.

## قەلب ئىزھارى

گۈل شىرىنىسى شورىغاندەك كېپىنەك،
يار لېۋىنىڭ شىرىنىسىنى شورىدىم.
ئەزىز بىلگەچ مەرۋۇيدىنمۇ سېنى مەن،
چىن دىلىمدىن، مېھرىم بىلەن پۈرىدىم.

تونۇشقان بىز باھار پەسلى گۈللۈكتە،
مۇڭداشقانتۇق سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە.
قاراپ بىزگە كۆلگىنىدە كۆك قىزى،
چۆككەنىدۇق شېرىن خىيال ئىچىگە.

ئىزھار قىلغانىدىم شۇ چاغ سۆيگۈمنى،
ئىككى قوللاپ تۇتقانىدىڭ يۈزۈڭنى.
ماڭا شۇ چاغ بەرمىگەنتىڭ نەق جاۋاب،
لېكىن مەندىن قاچۇرمىدىڭ كۆزۈڭنى.

شۇ ئۈمىدتە باغلاندى چىڭ رىشتىمىز،
جەڭگە چۈشتۇق تۈرۈپ يەڭنى ـ بىلەكنى.
غەلىبىسىرى قۇچتۇق يېڭى شان ـ زەپەر،
پۈكۈپ دىلغا يېڭى ئارزۇ ـ تىلەكنى.

تەرىمىزدىن دىيارىمىز بوپ گۈلباغ،
شېرىن ۋىسال ئارزۇسىغا يەتتۇق بىز.
ساپ مۇھەببەت جامىدا لىق مەي ئىچىپ،
ئىقبال ـ مۇراد مەنزىلىگە يەتتۇق بىز.

# كېلىمەن

كۈلەتتۇق ئاجايىپ شادلىنىپ جېنىم،
قىيغىتىپ گۈلشەندە، يايلاقتا، تاغدا،
نە تاغكى، گۈل ھىدى ئىپار پۇرىغان،
دىللارغا زوق بەرگەن ئالمىلىق باغدا.

ئۇ كۈنلەر سىيماسى قالدى ئالبوم بوپ.
ۋەتىنىم چاقىردى، چېگرىغا مېنى.
مەن كەتتىم پەرمانىنى تېڭىپ يۈرەككە.
كېلەرمەن خۇشال قال گۈلۈم دەپ سېنى.

ئۈمىدلىك چېگرىدا مەن بىلەن بىللە،
نىگارىم كەتتى دەپ چەكمىگىن پىغان.
كېلىمەن كۈت مېنى، كۈت مېنى چوقۇم،
ئېلىمچۈن قازىنىپ شۆھرەت، شەرەپشان.

# لەۋزىمنى ئاقلايمەن

قالدى ئارتتا ئەبەدكە،
بالىلىقىم ــ شاشلىقىم.
ئۆتەر ئەمدى مەنىلىك،
مېنىڭ گۈزەل ياشلىقىم.
بۇگۈن يېڭى زامانغا،
ئۇمىدلىك كۆز تاشلىدىم.

ئۆگىنىمەن ياشلىقتا،
قەدىرلەپ پەن ـ بىلىمنى.
شان قۇچىمەن ئەجرىمدىن،
گۈللىتىمەن ئېلىمنى.
ئاقلاشقا بۇ لەۋزىمنى،
باغلىدىم چىڭ بېلىمنى.

# قوش يۈرەك

ھوسۇل ئالدى بۇ يىل يەنە روشەنگۇل،
قوغۇن-تاۋۇز، ئارپا-بۇغداي، قوناقتىن.
ئۇنىڭ سۆيگەن يارى ئىلغار پادىچى،
تىزدى دەستە مەرۋۇي گۇلنى يايلاقتىن.

قوش يۈرەكلەر ھاياجانغا چۆمۈلدى،
كۆرۈپ شەرەپ سەھنىسىدە ئۆزىنى.
ھەممە ئۇنى مۇبارەكلەپ، ئالقىشلاپ،
سۆيۈنۈشتە تىكتى نۇرلۇق كۆزىنى.

قوش يۈرەكلەر ئىشق تولغان كۆزىدە،
قېنىشماستىن بىر-بىرىگە بېقىشتى.
مول ھوسۇللۇق كۈزدە قىلىپ قوش توينى،
قىزىلگۇلنى كۆكرىكىگە تاقاشتى.

## باھار جىلۋىسى

ئەجەب جىلۋە قىلىپ كەلدى نەۋ باھار،
يۇمشىدى يەرلەر، ئېرىدى مۇز-قار.

سۇپسۇزۇك سۇلار چاچرىتىپ ئۈنچە،
ناخشا ئېيتىدۇ يىقىملىق شۇنچە.

بېرىپ ئېتىزغا قىز-ئوغۇل خۇشال.
چاچماقتا ئۇرۇق، يەرگە بىمالال.

ئۇلار ئاتلاندى بەيگە-چېلىشقا،
گۇل تاقاپ خۇشال، گۇلتوي قىلىشقا.

باھار شاملى سۆيگەندە يۈزنى،
گۈزەل ۋادىلار چاقنىتار كۆزنى.

كەڭرى يايلاقلار بولدى چىمەنزار،
خۇددى گىلەمدەك ھەممە ياق رەڭدار.

باھار نۇرىدا كۈلدى قىزىلگۈل،
گۈللەر ئىشقىدا سايرىدى بۇلبۇل.

# كەلدى شاۋگۈن

(تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى —
شاۋگۈن باھار بايرىمىغا بېغىشلايمەن)

پەرۋاز ئەيلەپ تۇرنىلار تاڭ سەھەر كەلدى،
شاۋگۈن① ئاتلىق گۈزەلدىن خۇش خەۋەر كەلدى.

شاۋگۈن كەلدى، چىچى تال ـ تال مەيگۈن② كەلدى.
چىچىپ ئەنبەر، دىلرەبا يار — دىلبەر كەلدى.

شاۋگۈن كەلدى كەڭ تەبىئەت ياساندى ئۆز،
شائىر ئۈچۈن نادىر ئىلھام، كەۋسەر كەلدى.

شاۋگۈن كەلدى، قوللاردا مەي گۈلگۈن كەلدى.
شاۋگۈن بىلەن ئىچكەن مەي، بال ھەسەل كەلدى.

قۇتلۇقلاشچۈن بايرامنى شاد بەزمە قۇرۇپ،
ئەدىب، شائىر جەم بولۇپ، سەر ـ بەسەر كەلدى.

شاۋگۈن ھەققىدە ئاختۇرغاندا تارىخ بېتىنى،
روداكىدىن③ « نەۋرۇزنامە » ئەسەر كەلدى.

---

① شاۋگۈن — نەۋرۇز.

②مەيگۇن ـ قارا.

③ روداكى ـ (848 ـ 954) تاجىك شائىرى،تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى. ئۇ ئۆمرىدە 20 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىر يازغان بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرلىك شېئىردىن «نەۋرۇزنامە» ناملىق شېئىرى هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

# ياز

تاڭدىكى نۇرلۇق قۇياشتەك پارلىغان دەۋراننى ياز،
جەڭ-چېلىشقا ئۈندىگەن پۈتمەس ئېسىل پەرماننى ياز.
جەڭ-چېلىش قايناملىرىغا چۈشتى مىڭلاپ يىگىتلەر،
كۈچ-قۇۋۋەت، غەيرەتكە تولغان بۇ چېۋەر مەرداننى ياز.
چۆمدى نۇرغا تاغ-ئېدىرلار، بولدى پامىر گۈلچىمەن،
يايرىدى تەنلەر ئاجايىپ، بۇ چىمەن بوستاننى ياز.
كەڭ قۇچاق ئاچتى بىلىم، گۈلشەنىمىز بىزگە مانا،
ئىچىمىز شەربەت بىلىمدىن، بۇ يېڭى ئىمكاننى ياز.

## جەڭچى سۆيگۈسى

ئاجايىپ شوخلىشىپ كەلگەنتۇق بىر چاغ،
ئىككىمىز سىردىشىپ شۇ گۈزەل باغدا.
ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر تۈۋىدە،
ھەقىقىي چىن سۆيگۈ بولغانتى پەيدا.

سەن بىلەن خوشلاشتىم، كەتتىم چېگراغا،
قالمىدىم قاتاردىن ئۇزۇن سەپەردىن.
ۋەتىنىم ـ يۇرتۇمغا بولغاچ ئەقىدە،
قورقمىدىم زادىلا خېيىمخەتەردىن.

كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتتى تالاي يىل،
شەرەپلىك ۋەزىپەم بولدى ھەم ئادا.
كۆكسۈمدە جىلۋە قىپ شان ـ شەرەپ مېدال،
ياندىمەن ھاياجان ئالقىشلار ئارا.

قەلبىمدە بىر ئارزۇ، يارىمۇ شۇنداق،
شەرەپلىك نام بىلەن چىقسا ئالدىمغا.
كۆرۈشسەم خۇشاللىق ئىلكىدە شۇ چاغ،
سۆيىمەن قايتىلاپ بېسىپ باغرىمغا.

# ۋەتەن ئىشقىدا

كۆز ئېچىپ قوينۇڭدا بولدۇم بىر يىگىت،
پەپىلەپ ئۆستۇردىڭ مېنى جان ۋەتەن.
مەدھىيىلەش بىر ئۆمۇر مۇقەددەس بۇرچۇم،
چۈنكى پاك سۈت ئەمگەن باتۇر ئوغلۇڭمەن.

ۋەتەن دەپ نامىڭنى ئالغاندا تىلغا،
قەلبىمدە جۇش ئۇرار شادلىق ـ ئىپتىخار.
دۇنيادا تېپىلماس سەن كەبى ئانا،
ياشايمەن قوينۇڭدا دائىم بەختىيار.

بايلىقىڭ تۈگىمەس، تەرىپىڭ پۈتمەس،
تۇپرىقىڭ گۆھەردۇر، تاشلىرىڭ ئالتۇن.
ھەر گىياھ، سۇلىرىڭ ئابىھاياتتۇر،
ئىشقىڭدا كۆيگەنمەن بولۇپ ئوت ـ يالقۇن.

گۇللەرگە ئورايمەن ھۆسنىڭنى ۋەتەن،
ئىجادىم بېغىدىن تىزىپ گۇلدەستە.
سايرايمەن بىر ئۆمۇر ئىشقىڭدا سېنىڭ،
خۇشناۋا بۇلبۇللار بىلەن بەس ـ بەستە.

بىر قەيسەر يىگىتمەن سۇنماس ئىرادەم،
مېھرىڭدىن كۈچ ئېلىپ، ياشايمەن ئەبەد.
ئەي ئانا مېھرىبان، شەپقەتچىم ۋەتەن،
بىغۇبار قوينۇڭدا يايرايمەن ئەبەد.

# كۆلىمەن

قاقاقلاپ كۆلىمەن، كۆلىمەن دوستلار،
پامىرنىڭ باغرىدا ئاچتى گۈل-چېچەك.
دىللار شاد يايرىدى، چىمەنزار ئارا،
ئاشماقتا ئەمەلگە ئارزۇيۇ تىلەك.

توي بۈگۈن پامىردا، قىزىدى بەزمە،
ھەر مىللەت خەلقى مېھرىبان شۇنچە.
تەر تۆكۈپ ئەجرىدىن چەكتى نەقىش-گۈل،
باغرىدا ئېچىلدى بولۇپ بىر غۇنچە.

سەرىكوي① دىيارىم چۆمدى شادلىققا،
يېقىملىق نېيىگە تەڭكەش داپ، راۋاب.
ئۆپۈقتىن چېچىلدى قىپقىزىل شولا،
جەڭگىۋار ئوتتۇز يىل تويىغنى قۇتلاپ.

ھۆر زامان گۈل چەكتى زەر قەلەم بىلەن،
جۇلالار چېھرىگىدە گۈزەل نەقىشىنىڭ.
بېغىشلاپ نەزمەمنى تويىغغا پامىر،
بولاي مەن سىنىڭ چىن دوستۇڭ ــ سەبدىشىڭ.

---

①سەرىكوي ــ تاشقورغاننىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

## قىزىم ۋە چېچەك

باغقا كىردىم، پەسلى گۈلباھار،
باھار پەيزى دىللارغا ياقار.
چېچەكلىگەن ئۆرۈك، ئالمىلار،
شوخ كۆڭلۈمنى ئۆزىگە تارتار.

پاھ يۈرىكىم كۆكرەككە پاتماي،
چېچەكلەرگە قارايتتىم شۇ دەم.
«ئۈزۈپ بەرگىن ئالما ـ چېچەكتىن»،
دېدى ئوماق قىزىم شەھىدەم.

دېدىم كۈلۈپ قىزىمنى بەزلەپ:
«ئاشۇ چېچەك سېنىڭدەك سەبى.
ئۈزۈپ بېرەي ئالما ـ ئۆرۈكتىن،
پىشقان چاغدا گويا بال كەبى».

ئەركە قىزىم كۆندى سۆزۈمگە،
شوخ قارىدى ھەربىر چېچەككە.
بىر كۈنلەردە ئۈنى غايىسى
يەتكۈزىدۇ چوقۇم تىلەككە.

## سالام يۇرتۇم

سالام ساڭا،
ئانا يۇرتۇم.
سېنى كۈيلەش،
مېنىڭ بۇرچۇم.

بېرىپ ئاق سۈت،
باقتىڭ مېنى.
شۆڭا ئانام،
دەيمەن سېنى.

گۆدەك چېغىم،
بەخۋاش ئىدىم.
ئويۇن بىلەن،
ھەمداش ئىدىم.

دەيتتىڭ ھەر ۋاخ:
«تېزرەك چوڭ بول!
تېپىپ ئەقىل،
ئىشتا ئوڭ بول.»

قەددىم شەمشاد،
بولۇپ ئۆستۈم.
تۇسالغۇنى
ھەر چاغ بۆستۈم.

ئەمدى يەتتىم،
ئەقلىمگە مەن.
خاتىرجەم بول،
جان ئانا سەن.

كۆزگە سۈرەي،
تۇپرىقىڭنى.
پەرۋىشلەي گۈل -
ياپرىقىڭنى.

بۇ يولدا گەر،
كەتسە باشىم.
تۆكۈلمەس ھېچ،
مېنىڭ ياشىم.

سېنىڭ ئۈچۈن،
جېنىم پىدا.
ياۋغا كۆزۈم،

گويا ئوقيا.
يۇرتۇم سىنى،
گۈللىتەي شاد.
قوينۇڭ بولسۇن،
ياشناپ ئاۋات.

مەن جىگەرلىك،
باتۇر ئوغلان.
ياۋغا قارشى،
بىر پالۋان.

سالام يازدىم،
مەن تىلەكتىن.
ساڭا سادىق،
چىن يۈرەكتىن.

# ئىشچى ناخشىسى

ئانا ۋەتەن قوينىدا،
بەختى كۇلگەن ئىشچىمەن.
ئاتاپ ئەلگە بارىنى،
يەڭنى تۇرگەن ئىشچىمەن.

غەمگۇزارىم پارتىيەم،
نۇرى بىلەن كۇلەرمەن.
كۇيلەش ئۇنى بۇرچۇمدۇر،
جاسارەتكە تولدۇممەن.

«تۆتلىشىش»نىڭ يولىدا،
ئىشلەپ ساپ تەر تۆكمەن.
پارتىيەمنىڭ سۆزىنى،
دىلغا مەھكەم پۇكمەن.

ئىنقىلابىنىڭ يۇكىنى،
ئارتسا ماڭا قانچىلاپ.
كۆتۇرىمەن شادلىنىپ،
ئالغا چوڭ قەدەم تاشلاپ.

بۇ ۋەدەمنى ئۇنتۇماي،
دىلدا مەھكەم ساقلايمەن.
ۋەتىنىمنىڭ، خەلقىمنىڭ،
ئۇمىدىنى ئاقلايمەن.

## ۋەتىنىم

شان ـ شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم ۋەتىنىم،
دىلدا يانغان نۇر چىراغىم ۋەتىنىم.
غەمگۇزارىم، ئاڭ ـ ئىدرىكىم ۋەتىنىم،
جانىجانىم، پاسىبانىم ۋەتىنىم.

سېنى خەۋپ باسقاندا، سەن تۇغۇلۇپ،
كەڭ ئالەمگە يۇرۇك ئاچتىڭ ۋەتىنىم.
سەندە باھار، سەندە ھايات ياشنىدى،
قەلبىمىزگە نۇرۇك چاچتىڭ ۋەتىنىم.

ئەلگە بەخت، مېھىر ـ شەپقەت ئېپ كەلدىڭ،
كۈچ ـ مادارىم، تاجۇتەختىم ۋەتىنىم.
سەن بىلەن تەڭ كەتتى بىزدىن قايغۇ ـ غەم،
سەن بىلەن تەڭ كۈلدى بەختىم ۋەتىنىم.

بىزنى باشلاپ ماڭدىڭ ئۇلۇغ نىشانغا،
ئىلىم بۈگۈن تاپتى كامال، ۋەتىنىم.
ھەممە مىللەت بولدۇق ئىناق ـ ئىتتىپاق،
بىزگە ئىقبال ئاچتى جامال، ۋەتىنىم.

بۈگۈن بايرام ـ تويۇڭ بولغاچ ھەممىمىز،
بەزمە تۈزۈپ ئالقىشلىدۇق ۋەتىنىم.
يۈرەكلەردە قايناپ شۇنچە ھاياجان،
بۇ تويۇڭنى قۇتلۇقلىدۇق ۋەتىنىم.

## قويچمەن

ئانا ۋەتەن قوينىدا،
شاد ـ بەختىيار قويچمەن.
ۋەتىنىم دەپ ناخشامنى،
توۋلايدىغان كۆيچمەن.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغلاردا،
قوي باقىمەن قىشمۇ ياز.
ئەل ئىشقىدا كۆيگەنمەن،
قەلبىم گويا باهار ـ ياز.

تارتسامو گەر كۆپ جاپا،
ھۇزۇر ـ راھەت سېزىمەن.
قوي ـ قوزىنى ئوتلىتىپ،
تاغ ـ دالىنى كېزىمەن.

بۇ جەڭگىۋار ئىرادەم،
بوشاشمايدۇ تا ئەبەد.
بۇ ئىشقا مەن باغلىغان،
چىن دىلىمدىن مۇھەببەت.

# سېغىندىم

ئانا يۇرتۇم بۇرمىسال① يايلىقىڭنى سېغىندىم،
تاغلىرىڭغا سىغمىغان بايلىقىڭنى سېغىندىم.
تاقلاپ ـ سەكرەپ ئوينىغان تايلىقىڭنى سېغىندىم.
خۇددى ھەسەل سۈت ـ قېتىق، قايمىقىڭنى سېغىندىم.

بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ھەيۋەتلىكتۇر تاغلىرىڭ،
گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلغان زەپ ھاۋالىق باغلىرىڭ.
كەلدى سېنىڭ يۈكسىلىپ، گۈللەپ ياشناش چاغلىرىڭ،
تىنچ ـ ئىتتىپاق خەلقىڭنى ـ ئايمىقىڭنى سېغىندىم.

كەنت ـ ئاۋۇللار يايپېشىل بوستانلىقتا جايلاشقان،
ھەر يىلى ئالغان مول ھوسۇل كۆرسەتكۈچتىن جىق بولغان.
غالىب قىزىل بايرىقىڭ كەڭ ئاسمانغا تاقاشقان،
كەڭ بىپايان تاغ ـ دالا، سايلىقىڭنى سېغىندىم.

يايلاقلىرىڭ بەك گۈزەل، مالچى خۇشال سەن بىلەن،
ئالغان ھوسۇل سۈت ـ قايماق تەڭدۇر شېكەر ـ قەنت بىلەن.
ماللار ئۈچۈن ئۆسمەكتە يېشىل ئوتلاق نەم بىلەن،
تەنگە قۇۋۋەت، كۆزگە نۇر، مايلىرىڭنى سېغىندىم.

---

① بۇرمىسال ـــ بىر يېزىنىڭ ئىسمى.

# جەڭچى قەلبى

جانجان خەلقىمگە بولغاچ يولباشچى،
قاقاقلاپ كۈلمەكتە بۈيۈك دەۋرانىم.
خەلقىمنىڭ پالۋان، قەيسەر ئوغلىمەن،
ئىشقىدا جان بېرىش ئارزۇ-ئارمانىم.

بۈگۈن مەن جەڭچىلىك خىسلىتىم بىلەن،
تۇرىمەن چېگرىدا، كۆزەتتە ھوشيار.
ياۋ ئەگەر قەست قىلسا ئانا دىيارغا،
تىلىشقا كۆكسىنى مەن ھامان تەييار.

قورقمايمەن شىۋىرغان، جاپا-مۇشكۈلدىن،
ئەجدادلار ئىزىنى باسىمەن مەغرۇر.
ۋەتىنىم ھەم خەلقىم بولغاچ مەدەتكار،
مېھرىدىن بەخش ئېتەر ماڭا كۈچ-غۇرۇر.

ئاپتاپتا، سوغۇقتا تاۋلىنىپ ھەر دەم،
قوغدايمەن بىر ئۆمۈر ئانا يۇرتۇمنى.
رازىمەن بۇ يولدا تۆكۈلسە قېنىم،
ئاقلىغان بولىمەن شۇ چاغ بۇرچۇمنى.

## ئىجادكارغا

ۋەتەننىڭ قوينىدا يايراپ،
ئىجادنىڭ بۇلىقىنى ئاچتىڭ.
گۈزەل ئىقبالغا ئۆرلەشتە،
ئىلىمنىڭ نۇرىنى چاچتىڭ.

مېڭىپ سەپنىڭ بېشىدا سەن،
يېڭى مەنزىلگە يول ئاچتىڭ.
ئىلىم-پەن كۆكىدە ئەركىن،
قىلىپ پەرۋاز قانات قاقتىڭ.

گېزىت-ژۇرنالدا مەن دائىم،
كۆرىمەن نام-نىشانىڭنى.
يۈرەكتىن ئۇرغىدى ئىلھام،
ئوقۇپ نەزمە-ئىجادىڭنى.

ئىلىم-پەننى سۆيۈپ مەنمۇ،
ئىجادىڭغا بولۇپ ھەمدەم.
سېنىڭدەك ئوت بولۇپ ياندىم،
قولۇمغا چىقتى گاڭ قەلەم.

ۋەتەننى گۈلگە پۈركەشكە،
يۈرەك ـ دىلدا قارارىم بار.
بولۇشقا مەن ساڭا شاگىرت،
ئەقىدە ـ ئېتىقادىم بار.

## شائىرغا مۇھەببەت

شائىر بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.
لېكىن ئاجىزلىق قىلىدۇ تىلىم.
بىلىم كانىدىن شەربەت ئىچىشچۈن،
سوقىدۇ يۈرەك، ئاتەشتۇر دىلىم.

بۇلبۇلغا ئوخشاش قانات قاقىمەن،
باغچىلار ئارا، گۈزەل چىمەندە.
ئاشسا شائىرلىق ئارزۇ ئەمەلگە،
ناخشىلار تۇۋلاپ ئانا ۋەتەندە.

شۇڭا ئوت يۈرەك شائىر ئاكىلار،
بولۇر ئۇستازىم بىر ئۆمۈر ماڭا.
ئىلھاملار ئېلىپ يازىمەن ئەشئار،
باغلاپ دىلىمدىن مۇھەببەت ئاڭا.

# باھار

دىللارغا ياقىدۇ تەبىئەت ھۆسنى،
قارىساڭ ھەممە ياق رەڭدار پاياندار.
بەس ـ بەستە سايرايدۇ خۇش ئاۋاز بۇلبۇل،
كەلگەچ خۇشچىراي نەۋباھار ھەم ياز.

سوقىدۇ يۈرەكلەر شوخلۇق ئىلكىدە،
ئاجايىپ ياشنىغاچ بەختىيار ھايات.
باھاردىن نۇر ئېمىپ ياشنىغان جانلار،
ئالقىشلاپ باھارنى قاقىدۇ قانات.

شۇڭلاشقا كۆڭلۈمدىن خۇشالمەن ئەجەب،
باھار دەپ چاپتۇرماقتىمەن قۇرلاردا قەلەم.
قايتىدىن باھارنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ،
ئىجادكار قاتارىغا قويدۇم زور قەدەم.

بۇ قەلبىم خىتابى ئەمەس قۇرۇق گەپ،
كۈيلەيمەن باھارنى ناخشامدا ئەبەد.
چۈنكى ئۇ پەسىللەر كۆركى ـ شاھى،
ئۇرغۇيدۇ دىلىمدىن ئاڭا مۇھەببەت.

# بەختىيار خەلقىم

ئانا ۋەتەن بەخت قوينىدا،
ياشايدۇ شاد بەختىيار خەلقىم.
خەلقىم سادىق ئانا ۋەتەنگە،
شۇڭا كۈلدى،ياشنىدى بەختىم.

«ۋەتىنىم»دەپ ئۆملۈكتە خەلقىم،
قىلىپ كۈرەش يورۇقلۇق ئۈچۈن.
بېغىشلىغان جاننى ۋەتەنگە،
ئۆمۈر بويى قەلبىدىن پۈتۈن.

مەنمۇ چېۋەر خەلقىم قاتارى،
گۈللىتىمەن ۋەتەننى، ئەلنى.
ۋەتەن ئۈچۈن ئوتقا، دېڭىزغا،
كىرسەم شەرەپ، باغلىدىم بەلنى.

# باهار شادلىقى

باھار پەيزى ئەجەب ياخشى،
كۆكەردى، گۈللەندى چۆللەر.
باھاردىن نۇر ئېمىپ ياشناپ،
ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر.

تۇمەن بۇلبۇل ناۋا قىلدى،
كۆيۈپ گۈل ئىشقىدا تىنماي.
ئاڭا جور بوپ يىگىت ـ قىزلار،
مۇقامدىن توۋلىدى ھاي ـ ھاي.

باھار پەيزىن قىلىپ ئۆركەش —
ياساپ تارىم، زەرەپشانىمۇ.
باھار تويى ناۋاسىغا،
تولۇپ پامىر، تيانشانىمۇ.

باھار پەسلى، ناھار پەسلى
جىمى شائىرغا ئىلھامدۇر.
باھار دەپ كۈيلىرىم ياڭراق،
شېئىر، ناخشاكى نەزمەمدۇر.

# كېپىنەك

گاھى ئېگىز-پەس ھاۋانى يېرىپ،
باغلاردا پەرۋاز ئەيلەر كېپىنەك.
گۈللەر شىرنىسىن شورىشى بىلەن،
تۈگەيدۇ شۇئان ئۈندىكى تىلەك.

ئاتىغان پۈتۈن بارلىقىنى ئۇ،
باھار پەسلىدە رەڭمۇرەڭ گۈلگە.
قىزىلگۈل ئۈچۈن بەرسىمۇ ئۇ جان،
زىنھار مەن ئۈنى قىلمايمەن ئۈلگە.

ۋەتەندۇر ئانام، مەن باتۇر ئوغلان،
ئىشقىمنى پۈتۈن ئاتىلا بەرگەن.
ئايرىمايمەن ھېچ پەسلىنى - يىلنى،
بارلىقىم ۋەتەن دەپ ئوت بولۇپ كۆيگەن.

## رەسىم سىزىمەن

ئىلھامىم ئۇرغۇيدۇ دولقۇنلار ياساپ،
يېنىمدا تۇرىدۇ رەسىم دەپتىرىم.
ھاياجان ئىلكىگە چۆمدى يۈرىكىم،
ئۇچىدۇ كۆك يېرىپ خىيال كەپتىرىم.

ۋەتەننىڭ مۇقەددەس گۈزەل ھۆسنىنى،
ئەندىزلەپ، گۈل چېكىپ رەسىم سىزىمەن.
ئەجرىمدىن تەر تۆكۈپ شۇ نىيەت بىلەن،
بىپايان تاغ ـ دەريا، چۆللەر كېزىمەن.

دۇنيادىن ئۆتتى كۆپ ئىنژېنېر ـ شائىر،
قالدۇردى ئىشىدىن بىزلەرگە مىراس.
شۇ مىراس كۆزگە نۇر ھەم دىل چىرىغى،
قولۇمدا شۇ قامۇس بارلىقى ھەم راس.

مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم ۋەتەن، خەلقىمگە،
ئىجادىم بېغىدىن تۆھپىلەر قوشۇش.
بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ قورقماي جاپادىن،
سەنئەتنىڭ كۆكىدە ھارماستىن ئۇچۇش.

# يۈرەك تامچىلىرى

1

چايانىنىڭ زەھىرى بار، ئۇرىدۇ نەشتەر،
چاقىدۇ بەزىلەر چاياندىن بەتتەر.
قەلبىنىڭ يارىسى ساقايمايدىكەن،
ئادەمدە تاكى شۇ ئۆلگەنگە قەدەر.
شىكەر بەر دەپ تۇرساڭ زەھەر بىرىدۇ —
بەزىلەر، پەخەس بول، ئەيلىگىن ھەزەر.

2

دوستلارنىڭ يۈرىكى تۇرغاي بىجىرىم،
يۈرەككە دەز چۈشسە ساقايتماق قىيىن.
تىغلارنىڭ زەخمىسى ئىغىر ۋە لىكىن،
ساقىيىپ پۈتىدۇ ئاي يىلدىن كىيىن.
كۆڭۈلنىڭ يارىسى ساقايماس ھەرگىز،
سالدۇرغان رەملەرمۇ ھامان بىر تىيىن.

3

ئىللەتتىن ئاي يۈزلەر سۆرۈن ۋە بەتتەر،
قىلىدۇ يارەنلەر ئۇلاردىن ھەزەر.
گۈللەرنىڭ دىغىنى تىرەر كىپىنەك،
ھارام شاخ يىنىغا قويغۇلۇق شەمشەر.
چاڭلارنى ئىرىتەر قەترە ـ قەترە سۇ،
يىشىنىنىڭ كەينىدىن باغلارمۇ ئەختەر.

## لەۋز قىل

بىر نىگاھ ئەتسەڭ نىگارىم،
نە نىمەڭ كەم بولغۇسى.
سەن ئۇچۇن ئاتەشتە كۆيدۈم،
ئوتلارغا ئالەم تولغۇسى.
زورىيار قامەت چىنارىم،
كۆيگەنسىرى يوق سولغۇسى.

زوق بىلەن باقسام ھامانە،
گۈل بەدەن، ھۆسنىڭگە مەن.
سۈپسۈزۈك چەشمە بۇلاقتەك،
ئوت پۈركىگەن كۆزۈڭگە مەن.
چىش يىرىپ بىر سۆزلىسەڭ،
قۇربان ئىدىم ئۆزۈڭگە مەن.

سەۋدايىمەن ئاشىق بىتاب،
ئاشىقلىقىم ئايان ساڭا،
يۈرىكىم، قەلبىم قىتىمدىن،
سۆيگۈلەر بايان ساڭا.
يەنىلا دەيمەن شۇنى،
بىر لەۋز قىل، سۆزلە ماڭا.

# بەزىلەر

«بەزىلەر»نى تارتىپ سۇرەتكە،
چىن دوستلارچە قاتتىم قوشاقۇا.
كۆرۈپ يامان ئىللەتلىرىنى،
ئىگە بولسۇن دەيمەن ساۋاقۇا.
تۈزەتمىسە ئاشۇ ئىللەتنى،
قالار ئاچچىق ھەجۋى ـ تاياقۇا.

تەخسىكەشلىك ھۈنىرى بىلەن،
خۇشامەتتە كاتتا بەزىلەر.
ھىيلە بىلەن ئۆتكۈزەر كۈننى،
تۈلكىدىن قۇۋ ـ مەككار شۇ قەدەر.
خۇشامەتتە كاتتا بەزىلەر،
قاچانغىچە ئاشۇنداق يۈرەر؟!

«تەبەسسۇم»دا يۈرەر بەزىلەر،
سالمىساڭمۇ سەن ئاڭا نەزەر.
بىلمەك بولساڭ خۇي ـ مىجەزىنى،
راست كۈلمەيدۇ، تېگى ھىيلىگەر.
ھېچىيىپلا يۈرگىنى بىلەن،
يەڭ ئىچىدە ساقلاقلىق خەنجەر.

«كۆلۆشى»دە باشقىچە مەنە،
ئىچىدە لىق قايناپدۇ زەھەر.
مۆشتۆمزورغا قىلىدۇ تەزىم،
ئاجىزلارغا سانجىيدۇ نەشتەر.
ئىچىدە لىق قايناپدۇ زەھەر،
دىلى قارا، تىلى «قەنت ـ شېكەر».

# مىنىڭ جاۋابىم

ۋىلىق ـ ۋىلىق شوخ كۇلۇپ بىر قىز،
دېدى ماڭا: «سېنى سۆيىمەن.
مېھرى ئىسسىق يىگىت ئىكەنسەن،
ئۆمۈر بويى ساڭا كۆيىمەن».

بۇ سۆزىدىن تەمتىرىمىدىم ھېچ،
جاۋاب بەردىم خۇش چىراي ئاڭا.
سۆيگىنىم بار چىن دىلدىن سۆيگەن،
خۇي، مىجەزى يارىغان ماڭا.

سىناشقان بىز ئەمگەك قويىندا،
ئۇنىڭ بىلەن كۇلۇپ سىردىشىپ.
سۆيگۈ ئوتى تۇتاشقان بىزگە،
مەڭگۈلۈككە ۋەدە بېرىشىپ.

ئەي جانان قىز شەپقىتىڭ چوڭقۇر،
كۆڭۈل بۆلمە ئارتۇقچە ماڭا.
سۆيەلمەيمەن مەن سېنى بىلگىن،
شۇدۇر مېنىڭ جاۋابىم ساڭا.

## قەيسەر مالچى

پامىر ئوغلى ــ دىلدارنىڭ،
«قەيسەر مالچى» نامى بار.
تىلدا داستان بولغۇدەك.
قۇچقان شەرەپ ـ شانى بار.

كۆيۈپ مالغا دىلىدىن،
كېچە ـ كۈندۈز تاغلاردا.
نەي ساداسى ياڭرايدۇ،
ئەجىر ئەتكەن باغلاردا.

ئىرادىسى گاڭ ـ پولات،
جۇت ـ بوراندىن قورقمايدۇ.
كەسپى مالچى چېگرادا،
ئەل ـ ۋەتەننى قوغدايدۇ.

كۆيەر دائىم مېلىغا،
چارچاش دېگەن يات ئاڭا.
خەلق ئۇچۇن تەر تۆكۈش،
بېغىشلايدۇ شاد ئاڭا.

«قەيسەر مالچى» نامى بار،
شەرەپ گۈلى كۆكسىدە.
چۈنكى يازدى تارىخنى،
شانلىق سەپەر ئۈستىدە.

ئاتىغان ئۇ بارىنى،
«تۆتلىمشىش» چوڭ ئىشىغا.
غۇلاچ ئاچقان مەردانە،
يېڭى ئۇتۇق تېپىشقا.

## ئۇ شۇنداق جاپاكەش

جۆيلۈپ يۈرۈپ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ،
قارغىمىغىن ئوقۇتقۇچىنى.
تۇيۇق يولدىن، ھاڭنىڭ لېۋىدىن،
قۇتقۇزار ئۇ سېنى ھەم مېنى.
ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر سۆزلىرى،
نۇرلاندۇرار ئەۋلاد قەلبىنى.

قاراپ باققىن قەلبىگە ئەنداز،
ئاپئاق چېچى،ئوتلۇق كۆزىگە.
خىلىلا چوڭ بولسىمۇ يېشى،
لېكىن روھلۇق، جۇشقۇن مەردانە.
كېچە شامدا تەييارلاپ ئۇ دەرس،
ئەۋلاد ئۇچۇن بولار پەرۋانە.

ئوقۇتقۇچى جاپاكەش باغۋەن،
گۇلبېغىنى دىلدىن سۆيىدۇ.
پەخرى بولغاچ ھەربىر كۆچەتلەر،
شۇلار بىلەن مەغرۇر يۈرىدۇ.
قىلغان ئەجرى بەرگەندە مېۋە،
رازى بولۇپ جىمجىت كۈلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستاز سۆزىنى،
يۈرىكىڭدە ئەبەد ساقلىغىن.
مەشئەل قىلىپ ئۇستاز ئەجرىنى،
نادانلىقنى يىراق تاشلىغىن.
ئىنسان بولساڭ سەنمۇ ئەۋلادنى،
مەڭگۈ قۇتلۇق يولغا باشلىغىن!

## بۇگۈنكى كۈنۈمدە

ئاقارغان چاچلىرىڭ كۈمۈشتەك رەڭدار،
ھامان تەڭ كېلەلمەس ئەجرىڭگە ھېچكىم.
ئەڭ ئۇلۇغ زاتلارمۇ ئەجرىڭ مېۋىسى،
چۈنكى ئۇ سېنىڭدىن ئۆگەنگەن بىلىم.

خىسلىتىڭ دىللاردا تىكلەنگەن مۇنار،
ئىپتىخار ئەۋجىدە مۇبارەك نامىڭ.
«ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»سەن،
يورۇتقان ئالەمنى شەرەپ ۋە شانىڭ.

شاھلىق قەسرىدە كۆرگەندە سېنى،
شادلىقتىن قىزىقىش ئىلكىدە باقتىم.
بېشىمنى ئانامدەك سىلىغاندا سەن،
مېھرىڭ ئىشقىڭدا دەريادەك ئاقتىم.

ئەي ئۇستاز، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن،
ئەڭ ئالىي ھۆرمەتتە مەن يازدىم شېئىر.
نەسىھەت ـ بىلىمىڭ بەرگەچكە مەدەت،
مەن بولدۇم بۈگۈنكى كۈنۈمدە شائىر.

# سۈتتەك ئاق

ئاشماقتا ھەۋەسىم بىر كۆرۈپ سېنى،
ئۇلاشتى سۆيگۈمنىڭ رىشتىسى ساڭا.
جاۋابىڭ كۈتمەن، كۈتمەن چوقۇم،
ئىزھار قىل قەلبىڭنىڭ سىرىنى ماڭا.
بۇ سۆيگۈم ئىزھارى ئەمەستۇر تۈنجى،
كۈتمەن ئىشەنچتە، كۈتمەن يانا.

مۇمكىندۇر، يارىماي قالار قامىتىم،
ۋىجدانلىق ئوغلانمەن، پاك قەلبىمگە باق.
شېرىننىڭ ئىشقىدا كۆيگەن پەرھادتەك،
جان پىدا، ساداقەت ـ ئەقىدەمگە باق.
يۈرىكىڭ يېرىپ بەر دېسەڭمۇ مانا،
ھۆرمىتىم بىپايان، گويا سۈتتەك ئاق.

سۇبھى ـ تاڭ ياڭراتساڭ زەپەر كۈيىنى،
مەن تەڭكەش قىلىمەن سۆڭەك نېيىمنى.
خىسلەتكە بۇركۈتنى قىلىپ ئەندىزە،
جور قىلىپ ناخشاڭغا لىرىك كۈيۈمنى.
نامىڭ قەلب تۆرىدىن ئالغاچقا ئورۇن،
مەن تۈتتۇم شېئىر قىلىپ سۆيگۈ گۈلۈمنى.

# پامىر كۈيلىرى
(سېكىل)

## گۈزەل تاشقورغان

پەلەككە بوي سوزغان تىك ئافراسىياب①،
باغرىدا ياتماقتا پەرھاد ئۆستىڭى② .
چوگىر③، قەدىمكى تاش قەلئە④ بۈيۈك،
ئاق شايى سەللىلىك مۇز تاغ چوققىسى.
سېنىڭدە شەرق ھەم غەرب تۇتاشقان،
سەن بۈگۈن ئازادە كارۋان ئۆتىڭى.

كۆك تامان ياڭرىسا «گۈزەل تاشقورغان⑤»،
نەقىشتۇر دىللاردا ئۇلۇغۋار نامىڭ.
دۇنيانىڭ ئۆگزىسى سەن، ئالەمگە مەشھۇر،
مەرمەردەك يالتىرار بايلىقىڭ-كانىڭ.
يۈكسەلگىن كۈنسېرى ئالغا باس پامىر،
تارىخنىڭ بېتىدە چاقنىسۇن شانىڭ.

---

① ئافراسىياب — تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغ تىزمىسى.

② پەرھاد ئۆستىڭى — ئافراسىياب تاغ تىزمىسىنىڭ غارىدا پەرھاد قازغان ئۆستەڭنىڭ ئىزى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

③ چوگىر — تاشقورغاندىكى چوگىر چوققىسى.

④ تاش قەلئە — تاشقورغاندىكى تاش قەلئە.

⑤ «گۈزەل تاشقورغان» دېگەن ناخشا.

## تاشقورغان دەرياسى

مەنبىيىڭ كۆك سۆيگەن قارلىق چوققىلار،
مەۋج ئۇرۇپ ئاقىسەن چاچرىتىپ ئۈنچە.
دولقۇنۇڭ پامىرنىڭ كۆيىگە تەڭكەش،
زوق بېرىپ دىللارغا يېقىملىق شۇنچە.
سەن بىلەن مۇقەددەس ئانا زېمىندا،
ياشايدۇ تائەبەد گۈل ـ گىياھ، غۇنچە.

تاشقورغان دەرياسى دولقۇنلۇق دەريا،
كۆي قېتىپ ئاقىسەن يىراق ـ يىراققا.
ئانا يەر، ۋادىلار باغرىنى سۆيۈپ،
ئۆزۈڭنى ئۇرىسەن چىمەن قىرغاققا.
ياشنىغان سەن بىلەن يەر ـ زېمىن، كۆكلەم،
ھۆرمەتتە مەن سېنى قاتتىم قوشاققا.

## يايلاقتىكى ناخشا

تىك ئۇچار تاغ تامان پەرۋازدا بۈركۈت،
تاغلارنىڭ ئىشقىدا قاقىدۇ قانات.

كۆك سۆيۈپ تۇردۇ قارلىق چوققىلار،
كىيگەندەك سېسترا، جەڭچى ئاق خالات.
جىسمىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەچكە تاغلار،
سۇرمەكتە تاغلاردا بۇركۈت شوخ هايات.

كەڭ ۋادا، يايلاقلار، ئارچىزار تامان،
ئاڭلىنار ئۇلار ھەم كەكلىك كۈيلىرى.
بىپايان ئېكىنزار، يايلاقلىرىدا،
ئوتلىشار ئات، كالا، بەگۋاش قويلىرى.
پادىچى قىز ـ يىگىت ياڭرىتىپ ناخشا،
بەخت ئىچىدە بولغۇسى كۆزدە تويلىرى.

## ھۆسنىڭگە نۇر سېپەر ئالتۇن رەڭ قۇياش

ھۆسنىڭگە زوق بىلەن قارايمەن پامىر،
قەلبىمدە قىزىقىش سۆيگۈ ـ ئىشتىياق.
خۇش پۇراق باغلىرىڭ، كۈمۈش تاغلىرىڭ،
ھۆسنىڭگە ياراشقان زەر، بېزەك ـ مونچاق.
ھەر توپاڭ، تاشلىرىڭ زەردىن قىممەتلىك،
بېغىڭدا بۇلدۇقلار ياقۇتتەك بۇلاق.

كۆكـىـگـدە يۇلـتـۇزلار قـىلـىـدۇ جەۋلان،
سېـنـىـگـدە كۆلـمـەكـتـە شانبابا① بۇلاق.
ھۆسـنـىـڭـگـە نۇر سەپكەن ئالـتـۇن رەڭ قۇياش،
چـىـن دوستـلـۇق گـۇلـلـىـرى چاچقان خۇش پۇراق.
كۆنـسـېـرى يۈكـسـىـلـىـپ بولغاچ سەن گۈزەل،
ھۆرمـەتـتـە شـەنـىـڭـگـە يازدىم مـەن قوشاق.

## مەلىكە بۇلاق

بۇلـدۇقـلاپ چـىـقـىـدۇ يەرنـىـڭ تېـگـىـدىـن،
«مۇز تېـغـىـم» باغرىدا مـەلـىـكـە بۇلاق②.
يەتـمـىـش بـەش سېـلـتـىـسـىـيـە ھارارىتى بار،
قـىـشـۇ ياز بىـر خـىـلـلا تۇرىدۇ قايناق.
ئـون بـەش خـىـل كـېـسـەلـگـە بولـىـدۇ داۋا،
بـىـمـارلار ئۈچۈن ئۇ شـىـپـالـىـق شۇنداق.

شۇ سەۋەب، بۇ بۇلاق ھەمـمـىـگـە تونۇش،
شـەرقـتـىـن غـەربـكـىـچـە ھەمـمـە بـىـلـىـدۇ.
بولـسـىـمـۇ مۇساپە يىـراق، جاپا كۆپ،
دەردىگە شـىـپـالـىـق تـىـلـەپ كـېـلـىـدۇ.
كـېـسـەلـدىـن ساقـىـيـىـپ قويـقـان بـىـمـارلار،
بۇلاققا تـەشـەككۇر ئېـيـتـىـپ كـېـتـىـدۇ.

---

① شانـبـابا ــ پامـىـردىكى داڭـلـىـق شـىـپـالـىـق بۇلاق(مـىـنـېـرال سۇلۇق بۇلاق).

② مەلـىـكـە بۇلاق ــ تاشقورغاندىكى ئارىشاڭ بۇلاق.

# مۇقەددەس خىسلەت

كېلىشكەن ئاق تونلۇق مويسىپىت ئوخشاش،
تۇرىسەن قەددىڭنى كېرىپ، ئەي مۇزتاغ.
ئۇستۇڭنى كۆمۈش قار ياپقان بولسىمۇ،
ۋە لېكىن باغرىڭدا چىمەنزار، گۈلباغ.

بىلىمەن سەندە بار مۇقەددەس خىسلەت،
ساقلايسەن ۋەتەننى، يۇرتۇڭنى ـ ئەلنى.
ھەر چوققاڭ گوياكى رەقىپكە خەنجەر،
شۇڭلاشقا قار بىلەن باغلىغان بەلنى.

خىسلىتىڭ ئۇلۇغۋار، تەرىپىڭ پۈتمەس،
سەن گويا مۇستەھكەم تەۋرىمەس قورغان.
قەد كۆتۈرگەن تاغلىرىڭ گويا سەددىچىن،
ۋەتەننى دۈشمەندىن قوغداپ تۇرغان.

قوينۇڭدۇر دۈشمەنگە بىر زىمىستان قىش،
خەلقىڭگە بېرىسەن ئىللىق ھارارەت.
سەن ئانا ۋەتەننىڭ خىسلەتلىك تېغى،
ئەل قەلبى تۈتاشقان سەن بىلەن ئەبەد.

# پامىر ئوغلىمەن

قامەتلىك پامىرنىڭ ھۆسنىگە باقسام،
چوققىدا كۈمۈش قار، باغرىدا باھار.
شوخ قىران بۈركۈتلەر قاققاندا قانات،
جۇش ئۇرار تېنىمدە مەردلىك ئىپتىخار.

تەۋرەنمەي چوققىدا تۇرىمەن پوستا،
تۈن ۋە كۈن كۆزلىرىم ئۈيقىدىن يىراق.
ۋەتەننىڭ ئۈمىدى مېنىڭ ئارزۇيۇم،
ئاقلاشقا دىلىمدا يانار ئىشتىياق.

تىرىشچان ھەم ئىناق چېۋەر خەلقىمنىڭ،
شاد ـ خۇرام ئۆسمەكتە ئوغۇل ـ قىزلىرى.
مۇشەققەت بابىغا بەرگەچ خاتىمە،
قالماقتا ئەجرىدىن شانلىق ئىزلىرى.

بولغاچقا مەنمۇ شۇ پامىرنىڭ ئوغلى،
قەلبىمدە ھېسابسىز شادلىق سېزىمەن.
كۈرەشچان ئەجدادىم ئىزىنى بېسىپ،
پامىرنىڭ ھۆسنىگە گۈللەر تىزىمەن.

# پامىرغا مۇھەببەت

گۈزەلسەن ئەي يۇرتۇم ــ ئەزىز ماكانىم،
تاغلىرىڭ ھۆسنىڭگە زەپمۇ ياراشقان.
تاغلاردا قار گۈلى، باغلاردا لالە،
دىماغنى يارغۇدەك خۇش پۇراق چاچقان.
قوينۇڭدا تاڭ بىلەن مۇھەببەت كۈيى،
جاراڭلىق ياڭرىغان، پەلەكنى قۇچقان.

گۈزەل سەن شۇ قەدەر ئەي ئانا يۇرتۇم،
ھۆسنىڭگە قارايمەن تويماستىن ئەبەد.
بولغاچ مەن سېنىڭكى يۇرت سۆيەر ئوغلۇڭ،
جۇش ئۇرار قەلبىمدە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.
ئىپتىخار يار ماڭا سەن بىلەن مەڭگۈ،
تاپىمەن قوينۇڭدا شان ـ شەرەپ، نۇسرەت.

## قەلب كۈيى

مەن ئەرمەك ئۈچۈنلا يازمايمەن شېئىر،
سۆز ياساپ يالغاندىن قىلمايمەن تەسۋىر.
نام ـ شۆھرەت ۋە ياكى قەلەم ھەققى دەپ،
تەمە قىپ كۈن ۋە تۈن قىلمايمەن زىكىر.
پەس ھەۋەس خىياللار ئىلكىدە ھەرگىز،
سۈتتەك ئاق قەلبىمگە قوندۇرمايمەن كىر.

ۋەتەنىمنىڭ بىپايان گۈزەل ھۆسنىدىن،
ئىپتىخار ئەۋجىدە ئالىمەن ئىلھام.
كۈيلەيمەن ۋەتەننى، خەلقىمنى ئەبەد،
قەلبىمدە ئۇرغۇيدۇ تۈگىمەس ناخشام.
باغرى گۈل ۋەتەنىمنىڭ خەلقى شادىمان ـــ
ئۆتسۈن، دەپ ئويلايمەن سەھەرۇ ئاخشام.

## باللىق چاغلار

سىغىنىشتا ئۆتتى تالاي يىل،
كەلدىم بۈگۈن ئانا يۇرتۇمغا.
يۈرىكىمدە سۆيگۈ دولقۇنى،
گۈلدەستىنى تۇتۇپ قولۇمدا.
ئانا يۇرتنىڭ گۈل ـ گىياھلىرى،
پاياندار بوپ تۇرار يولۇمدا.

چىققىنىدا ئەقلىم بىخ سۇرۇپ،
بىلىم ئىزدەپ كەتتىم يىراققا.
ياساپ قانات بولدۇممەن ئىگە،
ئوتلۇق شائىر دېگەن ئاتاققا.
سىغىنىپ مەن ھەرقاچان يۇرتنى،
كۈيلەپ قاتتىم نەزمە ـ قوشاققا.

يۇرتنى گۈللەش ئىستىكى بىلەن،
قايتىپ كەلدىم پامىرغا ئۇدۇل.
سۆيۈنۈشتە يۈكسەك چوققىلار،
سالامىمنى ئەيلىدى قوبۇل.
بوستانلىقلار ـ ئورمانزارلىقلار،
ئېيتتى مەرغۇل، ئوينىدى ئۇسسۇل.

خۇش كېلىپسەن ئەزىز ئوغلۇم دەپ،
ئاچتى يۇرتۇم ماڭا كەڭ قۇچاق.
ئانام بېسىپ باغرىغا مېنى،
سۆيدى كۆزۈم - مەڭزىمگە ئۇزاق.
ئانا مېهرى جان ئوغلى ئۈچۈن،
مىسالى بىر ئوقچىغان بۇلاق.

ئانا يۇرتنىڭ چىمەنزار بېغى،
چاچتى شۇئان خۇشبۇي ھىدىنى.
چوكانتاللار لەرزان ئىرغاڭلاپ،
بولسۇن ساڭا مۇبارەك دېدى.
ئوت يۈرەك، شوخ پامىر ئوغلىنىڭ،
يۇرت ئىشقىدا ماگما يۈرىكى.

شۇ تاپ ئانا يۇرتۇم ھۆسنىگە،
نەزەر سالدىم ھاياجاندا مەن.
تونۇش جىلغا، تونۇش ساي، ئېدىر،
كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە گۈلشەن.
بالىلىقتا قالغان كەچمىشىم،
پاك قەلبىمدە گويا شاھ - سەنەم.

ئانا يۇرتنىڭ شۇ گۈزەل ھۆسنى،
ئەسكە سالدى بالىلىق چاغنى.

ھەم يايرىغان ئالمىلىق باغنى،
مەن ئوينىغان جىلغا، سايلىقتا.
كۆردۈم يەنە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ،
شەپەق سۆيگەن ھەر داۋان تاغنى.

كۆرمەكتىمەن نۇرلۇق كۆزۈمدە،
مەرۋايىتتەك سۇزۇك ئېقىننى.
كۆرمەكتىمەن ناخشا ياڭرىتىپ،
يادا باققان يىراق-يېقىننى.
ھاۋا ئانا، زۇمرەت سۇزۇك سۇ،
ھاياتلىقتا تەنىنىڭ راھىتى.

شۇنداق، بۇندا باققانتىم بىر چاغ،
ئۆچكە-قوينى، كالا-موزاينى.
مەن كۆرەتتىم ئېدىر، تاغلاردا،
ئۇچۇپ يۈرگەن كەكلىك، ئۇلارنى.
توپ-توپ بولۇپ يۈرگەن كېيىكلەر،
ئارچىزارلىق يېشىل قارىغاينى.

سايرىغاندا ئۇلار يېقىملىق،
مەستخۇشلۇقتا چۆمۈپ قالاتتىم.
مەنمۇ ئېلىپ سۆڭەك نېيىمنى،
ئاڭا تەڭكەش قىلىپ چالاتتىم.

كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا بۇركۇت،
چىمەنلىكتە ساما سالاتتىم.

دىلدا شۇنداق بار ئىدى ئارزۇ،
تاغقا چىقىش، كېچىش ئېقىنىدىن.
كەكلىك، ئۇلار، كېيىك، بۇغىنى،
مەقسەت ــ بېرىپ كۆرۈش يېقىنىدىن.
غەيرەت بىلەن يامىشىپ تاغقا،
قورقماستىن ھېچ، خېيىمخەتەردىن.

مەن ئۆرلەيتتىم تاغقا يامىشىپ،
ئارزۇيۇمدىن ئەسلا كېچەلمەي.
ئۆرلىگەنچە ئۆرلەيتتى تاغمۇ،
قالار ئىدىم ھېرىپ «يېتەلمەي».
«كۆرۈنگەن تاغ ئەمەستۇر يىراق»،
بۇ ھېكمەتنى قاپتىمەن بىلمەي.

كەچ كىرگەندە ياناتتىم ئۆيگە،
مالنى ھەيدەپ، ناخشامنى توۋلاپ،
چىقار ئىدى ئانام ئالدىمغا،
سۆيۈنۈشتە بېشىمنى سىيلاپ.
«ئۇسسىدىڭمۇ ...؟ ھاردىڭمۇ بالام؟»
دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

زەن سالاتتى هارغىن چىھرىمگە،
ماڭا شۇنداق تەلەپچان دادام.
دەيتتى: «بولسۇن ئوغۇل بالىدا،
زور شىجائەت، غەيرەت ۋە چىدام.
جاپا ـ مۇشكۇل ئالدىدا زىنھار،
باش ئەگمىگىن، قەيسەر بول بالام».

دادام يوقسۇل بولسىمۇ لېكىن،
ئىدى كۆڭلى يورۇق نۇرانە.
نى ـ نى جاپا ـ مۇشكۇل ئالدىدا،
بولۇپ شۇنچە جەسۇر، مەردانە.
تاپسا بىر نان بۆلۈپ بېرەتتى،
غېرىبلارغا بولۇپ پەرۋانە.

دادام جەسۇر، تەلەپچان بولغاچ،
كۆيۈنەتتى ئەلگە شۇ قەدەر.
سۆيۈنەتتى كەسپىدىن ھەمدە،
ئۇۋچىلىقنى قىلغاچ ئۇ ھۈنەر.
ئون بالىنى ـ يۈرەك پارىنى،
قوشتى ئەلگە بولۇپ باش ـ سەرۋەر.

دادام ئىپتىقان نەسىھەت ـ تەلەپ،
بولدى ماڭا ئۆرلەشكە شوتا،

چىدام، غەيرەت، كۆرەشتە تاۋلاپ،
بولدۇم جەسۇر بىر يىگىت مانا.
خىسلەتكە باي دادامدەك خىزىر،
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ يانا.

ئاشتى شۇڭا ئەمەلگە مېنىڭ،
كۆتكەن ئىستەك، ئارزۇ-ئارمىنىم.
ماڭا چىدام، غەيرەتنى يەنە،
ئاتا قىلدى شۇ ئېقىن-تېغىم.
ئارزۇيۇمدەك كۆكلەيدۇ ھامان،
مېنىڭ ئالتۇن نۆۋەيلىك چېغىم.

مەن ئۆگەندىم زۇمرەت ئېقىنىدىن،
بۇلغانماستىن سۇزۇك ئېقىشنى.
مەن ئۆگەندىم، ئېگىز تاغلارغا،
چىدام بىلەن مېڭىپ چىقىشنى.
مەن ئۆگەندىم مۇشكۇل ئالدىدا،
يەرگە ئەمەس، كۆككە بېقىشنى.

سۇغا سەكرەپ، تاغقا يامىشىش،
شۇندىن بېرى ئادەتتۇر ماڭا.
تونۇش جىلغا، تونۇش ئېقىننى،
جاندىن ئەزىز كۆرىمەن شۇڭا.

ئانا يۇرتۇم مىسالى جەننەت،
مۇھەببىتىم چەكسىزدۇر ئاڭا.

قىزغىن ھەۋەس، ئارزۇلار بىلەن،
ئۆتكەن مېنىڭ باللىق چېغىم.
چېچەك ئاچار بۈيۈك ئارزۇيۇم،
گۈلگە تولار ئىجادىم ـ بېغىم.
ئارزۇ بىلەن ئۆرلەيمەن ھامان،
يۆلەنچۈكۈم ئانا يۇرت ـ خەلقىم.

## تەبىئەت شۇ قەدەر سېخىي - گۈزەلسەن

گۈزەلسەن، تەبىئەت، ھۆر- پەرى سۈپەت،
ياشنايدۇ بەھۇزۇر سەندە بار ھايات.
سېخىيسەن تەبىئەت، مىسلى ھاتەمسەن،
كەڭ ئاچقاي قۇچاقىن، ساڭا كائىنات.

تەبىئەت ھۆسنىڭدۇر جىلۋىدار، رەڭدار،
باغرىڭ گۈل - گۈلىستان، جەننەت، بىپايان.
نۇر ئەمگەن مېھرىڭدىن بارچە مەۋجۇدات،
سېنىڭدە قىلىدۇ تەنتەنە - جەۋلان.

## يالغانچىلىق ــ پەسكەشلىك

ئالدىمىغىن دوستۇڭنى سەن دائىما،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ بۇ بەلكىم.
ئالدامچىلىق سۇرەر هۆكۈم بىر مەهەل،
بارماس زىنهار ئۇزاقلارغا ئۇ لېكىن.
ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق قىپ يۇرۇپ،
ئالالمايسەن دوستلىرىڭدىن بىر تىيىن.

ئالدامچىلىق يالغانچىلار دەستۇرى،
يالغان سۆزلەش ــ ئالدامچىلار «كوزىرى».
«يالغانچىنىڭ قۇيرۇقىدۇر بىر تۇتام»،
ئېيتقانغۇ بۇ دانالارنىڭ هەق سۆزى.
يوشۇرماق تەس هەقىقەتنى خالتىدا،
تېشىپ چىقار بىگىز يەڭلىغ ئاخىرى.

ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق ــ پەسكەشلىك،
بىلىپ قويغىن دوستلارنىڭ چوڭ دۈشمىنى.
راستچىللىقتا موهتاج دوستلار هەر قاچان،
بولۇر راستچىل دوستلارنىڭكى هۆرمىتى.
يالغان سۆزلەپ، ئالداپ قىلساڭ خىيانەت،
ئۈزۈلىدۇ بىلگىن، دوستلۇق رىشتىسى.

## ئۆكۈنۈش

يۈزۈمگە تىكىلىپ قارىدىڭ دوستۇم،
خىجىللىق ئوتىدا كۆيدۈردۈڭ مېنى.
تەنلىرىم شۈركۈنۈپ ئولاشتى تىترەك،
ھەسرەتلىك قايىنامغا چۆمدۈردۈڭ مېنى.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن ھاياتچۇن،
مىڭ ئازاب، لەنەتكە كۆمدۈردۈڭ مېنى.

بىلىمەن ياشلىقىم ئىبقىن سۇ ئوخشاش،
ئۆتۈپتۇ ئالدىراپ ھەمدە ۋاقىتسىز.
مۇچىلىم بەك قىسقا بولسىمۇ شۇنچە،
نە سەۋەب ئەجەبمۇ قېرىپتىمەن تېز.
ئۆكۈنۈش ئىلكىدە ئارقىغا باقسام،
قالماپتۇ مېنىڭدىن ھېچقانداق بىر ئىز.

ئويلىسام تىرىكمەن، روھىممۇ تىرىك،
مەن تېخى بىخ سۈرۈپ ئۆسۈۋاتقان تال.
ۋە لېكىن بۈگۈن مەن سىلىسام ئېڭەك،
چىقىپتۇ بەك يىرىك بۇرۇت ھەم ساقال.
ۋاقىتسىز، بىھۇدە ئۆتكەن ھاياتقا،
مەندىمۇ بار ئوبدان چارە ۋە ئامال.

ۋاقتىنچە بىھۇدە ئۆتكەن كۈنلەرگە،
قىلمايمەن ئارتۇقچە زىنھار پۇشايمان.
باھارنى زىمىستان قاپلىغان ئون يىل،
كەتتى ئۇ كەلمەسكە، مەن خۇشال ھامان.
باھارنىڭ پەيزىدە ئىجاد بېغىغا،
تېرىيمەن گۈل ـ گىياھ، تېرىيمەن رەيھان.

## قالار مەندىن يادنامە

ئويغان تىرەنداز① كەلدى باھار- ياز،
يىتىپ غەپلەتتە بولما خورەكباز②.
تاڭ - ساباھ بىلەن قىچقاردى خوراز،
باھار شەنىگە ياڭراتتى كۈي - ساز،
ئۆزمەكتە كۆلدە جۈپ - جۈپ ئۆردەك - غاز.

كۆكتە بۈركۈتلەر قىلماقتا پەرۋاز،
قاناتلىرىدا چېلىپ سۇناي - ساز،
گۈزەل شۇ قەدەر پەسلى باھار- ياز،
باھار پەيزىدىن ئېلىپ سەن ئەنداز،
ئالتۇن قەلەمدە دۇردانىلەر قاز.

ئۆگەن، ئال بىلىم، قىلما بىكار ناز،
ئەيلىگىن بىلىم كۆكىدە پەرۋاز،
ئىرپان بېغىدا ئېچىلدۇر كۈيناز③،
گۈللەر ئېچىدىن سەرخىلىنى زاز④.
قاناتلان پەندىن شەرەپ - ئۆتۈق قاز.

---

① تىرەنداز — ئوغلان.
② خورەكباز — خورەكچى.
③ كۈيناز — خۇش پۇراقلىق تاغ گۈللىرىنىڭ بىر خىلى.
④ زاز — ئال، ئېلىش.

ئەل ئۈچۈن تەر تۆك، بولما سۆلەتۋاز،
ئۇقەت كويىدا يىغما لاتا ـ ماز،
ئىشقىدا ئەلنىڭ بىلىق كەبى ۋاز①،
ئەلگە نەپ يەتسە سېنىڭدىن ئاز ـ ئاز،
ئەلنىڭ ھۆرمىتى ساڭا پاياندار.

ئىچىلۇر بەخت گۈلۈڭمۇ قىش ـ ياز،
ساڭا قۇچاقىن ئاچىدۇ گۈلناز②.
ۋەتەن ئوغلىسەن، باتۇر چەۋەنداز،
كۆكىدە بۈركۈت كەبى قىل پەرۋاز،
شەرىپىڭ بىلەن ئالتۇن قۇرلار ياز.

ئەل ئۈچۈن ياشاپ، كەچكىن جېنىڭدىن،
ھەتتا بىر قوشۇق ئىسسىق قېنىڭدىن،
كۆز يۇمۇپ كەتسەڭ ۋەتەن ـ ئېلىڭدىن،
پۈتۈلسۇن تارىخ بېتىگە نامىڭ،
ئۆشبۇ يادنامە قالار مېنىڭدىن.

---

① ۋاز ــ ئۈزۈش، سۇدا ئۈزۈش.

② گۈلناز ــ شۇ ناملىق كىنو سىنارىيىسىدىكى ئىجابىي ئوبراز.

## چۆچۆك تۆيغۆلار

«نەپ» دېسە شۇ ھامان تايدەك چاپىدۇ،
«ئىش» دېسە كەينىگە باقماي قاچىدۇ.

*　　*　　*

سۆزلىسە ئون تاغار گەپنى ساتىدۇ،
ئەكسىچە «نەپ» دېسە دۇملا ياتىدۇ.

*　　*　　*

سۆزلىسە گەپلىرى خام قايماق، «شېكەر»،
ئىچىدە قاينايدۇ، يىلاندەك زەھەر.

*　　*　　*

قاچانكى ھەميانىم پۇلغا لىق توشتى،
ئاغىنەم كۆپەيدى- پېيىمگە چۈشتى.

*　　*　　*

بۇ كۆنلەر، كۈن چۈشتى مېنىڭ بېشىمغا،
يوقالدى، كەلمىدى ھېچكىم قېشىمغا.

*　　*　　*

چۈشتۈم ئەمەلدىن بولدۇم مەن پۇقرا،
ئاي بىلەن قۇياشتۇر ماڭا چىن ھەمرا.

*　　*　　*

ھىيلىگەر، قۇۋۇلاردىن نېرى قاچىمەن،
پەيت كەلسە قارنىنى تىلىپ ئاچىمەن.

*　　　*　　　*

ئېگىلمەي ھېچقاچان كەينىگە قولى،
يارەنلەر ئالدىدا ئېگىلەر بويى.

## يىگىرمە ياش

يىگىرمە ياشتىمەن، بەستلىك يىگىتمەن،
كۆچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇغان، غەيرەتكە تولغان.
دەقىقە ۋاقىتنى قەدىرلەپ ھەر چاغ،
ئىجادىم بىغىدىن شان ـ شەرەپ قوچقان.

يىگىرمە ياشتىمەن، ئىجادكار نەسلىم،
ئەجدادلار ئىزىنى ھەر دەم باسىمەن.
ئىجادىم بىغىدىن مىسرالار تىزىپ،
يىللارنىڭ بوينىغا زۇننار ئاسىمان.

يىگىرمە ياشتىمەن، ھاياتىم ئۇلۇغ.
ھەر زامان تىرىشىپ باسىمەن ئالغا.
جاپانى تەرك ئېتىپ ھەربىر قەدەمدە،
زەپەرلەر قۇچۇشقا تەييارمەن يانا.

يىگىرمە ياشتىمەن، ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
ئىشقىدا بۇرچۇمنى قىلىمەن ئادا.
لەۋزىمدە تۇرمىسام ئەلنىڭ ئالدىدا،
رازىمەن ئەل ماڭا بەرسە چوڭ جازا.

يىگىرمە ياشتىمەن ئەلنىڭ چاكىرى،
پاك ۋاپا سۆيىدە ئاققان تاھىرى.
شېرىنىنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن پەرھادتەك،
ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن شائىرى.

# قۇياش قىزى

قۇياشقا يېقىن جاي بۇيۇك تاش شەھەر،
ھۆسنىگە نۇر سەپكەن ئالتۇندەك قۇياش.
قۇياشنىڭ مېھرىدىن نۇر ئەمگەن بۇ يۇرت،
تۇرىدۇ مىسالى قۇياشتەك ياپياش.
باغرى كەڭ، بىپايان، سىرلارغا تولغان،
رىۋايەت سۆزلەيدۇ گويا ھەربىر تاش.

ھەر تاشدا مەشرىقتىن چىققاندا قۇياش،
زەر لىباس كىيىدۇ بۇندا مەۋجۇدات.
قۇياشنىڭ مېھرىگە قېنىشار ھەممە،
يەر-زېمىن، سۇ، ھاۋا ئەزىم كائىنات.
مۇز تاغنىڭ ھۆسنىگە نۇر چېچىپ قۇياش،
جانلىنار يالتىراپ «قاتقان پەرىزات».

قۇياشقا يېقىن جاي، ئالەمگە مەشھۇر،
كۆكسىگە ئويۇلغان كارۋانلار ئىزى.
گۈل قىزىل، نېمىشقا، چوغ كەبى قىزىل؟!
ئۆستۇرگەن ئۇنى نۇر-قۇياشنىڭ قىزى.
گۈل كەبى ئېچىلغاي چېچىپ خۇش پۇراق،
قۇياشنىڭ قوشنىسى — تاشقورغان ئېلى.

# مۇۋەششەھلەر

## جۇپ ئوغلانىم

شاھ دېسە شاھ بولغۇدەك مەردانە بول،
ئەل ئۈچۈن ئاتەشتە كۆي، پەرۋانە بول.

ئالغۇدەك تىلغا ئىسىم قويدۇم ساڭا،
مەرد تىرەنداز① دەپ مۆھۈر ئويدۇم ساڭا.

نۇر يېغىپ تۇرسۇن چىرايىڭدىن ئوغۇل،
دوست بىلەن دوستلار ئارا نۇرانە بول.

ئەستە تۇت، ئۇنتۇما نەسىھەتنى سەن،
تۇرغۇزۇپ ئالىي جاناب خىسلەتنى سەن.

زور ئۈمىد كۈتكەي ئاتاڭ سەندىن ئوغۇل،
سال يولۇڭنى مەڭگۈلۈك پەندىن ئوغۇل.

ئەل ـ ۋەتەن ئىشقىدا سەن بۇلبۇل بولۇپ،
يۈر بىلىم كارۋانىدا دۇلدۇل بولۇپ.

رازى ئەل، قۇچساڭ ئۇتۇقتىن شان ـ زەپەر،
چاقنىغاي دىللاردا نامىڭ ـ شانۇ نەزەر.

شاھلىق تەخت قەسرىدە ئولتۇرساڭ ئەگەر،
بىل، ئاۋام ـ ئەلگە سەن يولباشچى ـــ سەرۋەر.

ئادالەت يولىدا ئەيلەپ پىدا جان،
ئەلگە بول پاسىبان، كەلتۇر شەرەپ ـ شان.

ھەر قاچان ئەل ئۈچۈن سوقسا پاك يۈرەك،
نۇرلىنار ئەجرىدە غايىۋى ئىستەك.

مەرىپەت ئىگىلە، ھېكمەتلەر تارات،
پەن ـ بىلىم كۆكىدە قاققىن پەي قانات.

ئەقىدە، ئەخلاقنى قىلساڭ مىزان،
ئىزىڭدا ئېچىلار گۈل بىلەن رەيھان.

نۇسرەت تاپ ئىشىڭدا بولۇپ مەردانە،
ئىشقىدا كۆي ئەلنىڭ بولۇپ پەرۋانە.

زەر ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىق ئالدىدا،
جان ئوغلۇم ۋىجداندىن ئادىشىپ قالما.

ئەستە تۇت ئاتاڭدىن ساڭا نەسىھەت،
ئۇنتۇما ئەسلىڭنى مەڭگۈ تائەبەد.

رازىمەن، ئەلرازى، شاھىمەردان بول،
ئاۋام ـ ئەل ئاغزىدا غەزەل، داستان بول.

## يەتتە زات

### 1

مەرد ئوغلان ئۆلسىمۇ ئۆلمەيدۇ نامى،
تارىخنىڭ بېتىدە چاقنايدۇ شانى.

ئەبەدىي ياشايدۇ روھى دىللاردا،
ئىش ئىزى داستان ـ كۈي بولۇپ تىللاردا.

مەي ئىچتىڭ بىلىمدىن، شېئىر ماھىرى،
پامىرنىڭ ياش ئەۋلاد تاجىك شائىرى.

ئەشئارىڭ بىز ئۈچۈن بايلىق ـ بىباھا،
پەخرىمىز سەن بىزنىڭ، كۈيچى دىلرابا.

تىرىشىپ بىر ئۆمۈر نەزمىلەر يازدىڭ،
ئىجادىڭ كانىدىن گۆھەرلەر قازدىڭ.

رازىدۇر ئەل ـ ۋەتەن ھامان سىنىڭدىن،
يوللاردا قالدۇرغان شانلىق ئىزىڭدىن.

ئۇستازسەن، كۆيچىسەن، قىلغان شوخ ناۋا،
ۋاقىتسىز كۆز يۇمدۇڭ، شائىر ئەلۋىدا.

زىيادەك ئىجادىڭ چاقنايدۇ ھەردەم،
قالىدۇ ئوغلۇمغا سەن تۇتقان قەلەم.

ئىزىڭدا ئېچىلغان گۈل بىلەن رەيھان،
ئەي شائىر دىللاردا ياشايسەن ھامان.

2

ئىلىم ـ پەن كۆكىدە شۇڭقار بوپ ئۇچتۇم،
ئىجادتىن ئۆچمەسكە شان ـ زەپەر قۇچتۇم.

سەركوي دىيارىنىڭ شائىرى ئىدىڭ،
كوي خۇمار ئەلنىڭ گۈلتاجى ئىدىڭ.

ئارتىسلىق ھاياتىڭ مەنىلىك ئۆتكەن،
ئەجرىڭدىن بىر ئەۋلاد شاگىرتلار ئۆسكەن.

قەلبىڭدە ئەل ئىشقى، سۆيگۈ ياناتتى،
ناخشاڭدىن چوڭ - كىچىك ھۇزۇر ئالاتتى.

ئەل - يۇرتىنىڭ ئوتىدا پەرۋانە ئىدىڭ،
توي - تۆكۈن، نەغمىدە نۇرانە ئىدىڭ.

روھ، قەلەم ساڭا چىن بولغاچقا ئۇلپەت،
ياراتتىڭ «سۆڭەك نەي»، «ھىجران»، «گۈلسۇرەت»①.

ئالغاندا قولۇڭغا سەن ھەر خىل سازنى،
قىشتىمۇ كۆرەتتۇق باھار ۋە يازنى.

رەھمىتى بولدۇڭ ئاھ، پۈتكەندەك زىياھ،
خاتىرجەم ياتقىن، ئەي ئۇستاز، ئەلۋىدا!

ئەلۋىدا، خوشلاشتىڭ، ئۇستاز بىز بىلەن،
دىيارىڭ، ئەۋلادىڭ، ئوغۇل - قىز بىلەن.

---

① قوش تىرناق ئىچىدىكىلەر شائىر ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنىڭ نامى.

## 3

مائارىپ ئىشقىدا بىر ئۆمۈر كۆيدۈڭ،
پەن خۇمار ئەۋلادنى بىر ئۆمۈر سۆيدۈڭ.

ئەل ئۈچۈن بەختىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىڭ،
قاراڭغۇ دىللارغا پەندىن نۇر چاچتىڭ.

نى جاپا ـ مۇشكۈلنى يەڭدىڭ ئېگىلمەي،
ئەجرىڭدىن تەشناغا سۇندۇڭ گويا مەي.

سەرىكوي مائارىپى ئاچقان گۈل ـ چېچەك،
قۇياشتەك يۈز ئاچتى گۈزەل كېلەچەك.

ئۇلۇغلاپ نامىڭنى ئالغاندا تىلغا،
سېغىنىش ئوتلىرى يانىدۇ دىلدا.

رەھىمسىز شۇم ئەجەل ئېپكەتتى سېنى،
ھەسرەتنىڭ چۆلىدە قالدۇرۇپ بىزنى.

خىسلىتىڭ كۈچ بېرىپ ياشار بىز بىلەن،
مېھرىڭدىن نۇر ئەمگەن ئوغۇل ـ قىز بىلەن.

ئانا يۇرت ئۇنتۇماس مەڭگۇ نامىڭنى،
ئەجرىڭدىن قالدۇرغان ئۇتۇق ـ شانىڭنى.

نام ـ نىشان بىزلەرگە قالدى سېنىڭدىن،
تىنچ يات، باسىمىز ئالغا ئىزىڭدىن.

4

شان ـ شەرەپ، شۆھرەتنى تەرك ئەتتىڭ ھەر چاغ.
قامىتىڭ مىسالى ئىدى پامىر تاغ.

ئىلتىپات ئەيلىدىڭ قۇت ـ بەخت ئەلگە،
جاپانىڭ كەمىرىن باغلىدىڭ بەلگە.

رازى ئەل سېنىڭدىن ئەل سۆيەر ھاكىم،
ئوبرازىڭ چاقنايدۇ دىللاردا دائىم.

ئىزدەيتتىڭ ھەر ئىشتا ئالىي خىسلەتنى،
چىن دىلدىن سۆيەتتىڭ ھەممە مىللەتنى.

نى جاپا ـ مۇشكۇلنى ئەيلەپ سەن بەربات،
پامىرنىڭ كۆكىدە تاۋلىدىڭ قانات.

بار بولغاچ قەلبىڭدە چەكسىز مۇھەببەت،
مېھرىڭدىن ياغدۇردۇڭ ئەلگە شاپائەت.

ئىلىمچۇن قىلغاچ سەن بىر ئۆمۈر خىزمەت،
ئېيتمىدۇ يۇرەكلەر سەن ئۇچۇن رەھمەت.

گۈللەرگە پۈركەيمىز ياتقان يېرىڭنى،
ئۇنتۇماس پامىرلىق تۆككەن تەرىڭنى.

**5**

جاپانى يېڭىشتۇر ھاياتتىن نىشان،
بەزىلەر ئويلايدۇ ياشاشنى ئاسان.

ئۆزىگە تەلەپنى قويسا كىم قاتتىق،
مەنسۇپتۇر ئىشىغا ئۇتۇق ۋە شادلىق.

مەنسەپ ۋە ئابرۇينى قوغلىسا گەر كىم،
ئاخىرقى ھېسابتا قالىدۇ يېتىم.

ئەل-ۋەتەن ئىشچۇن چىقسا شېرىن جان،
شۇ ئەلنىڭ قەلبىدە ساقلىنار ھامان.

رەھىمسىز كاج ئەجەل ئالىدۇ جاننى،
پەرق ئەتمەي (داۋاملىق) ياخشى ـ ياماننى.

ئەپكەتتى، ۋادەرىخ ئىپسىل ئىنساننى،
تاجىكلار پەخرى ــ دوختۇر ــ ھېكىمنى.

مۆتىۋەر ئىدى ئۇ، تەمكىن، خۇش ناۋا،
يازغانغا تەرىپى بولمايدۇ ئادا.

ئەقىدە ـ ئەجرىگە ئەل ھامان قايىل،
بولغاچ ئۇ مۇلايىم، ھەر ئىشتا ئادىل.

تۆھپىسى، ئىش ئىزى كۈندەك پارلىغاي،
دىللاردا ساقلىنار شۇ زات ئۇنتۇلماي.

6

قەھرىمان ئاتالغاچقا مۇبارەك نامىڭ،
چاقنايدۇ دىللاردا شەرەپ ۋە شانىڭ.

ئاقلىدىڭ كۈرەشتە خەلق ئۈمىدىنى سەن،
سېنىڭدىن رازىدۇر مەڭگۈ ئەل ـ ۋەتەن.

دۈشمەندىن ئەل - يۇرتنى ئامان ساقلىدىڭ،
مەردكە خاس ئوغۇللۇق بۇرچۇڭ ئاقلىدىڭ.

ئىنقىلاب تۇغىنى كۆكتە ئويناتتىڭ،
دۈشمەننى سەن رەھىم قىلماي يوقاتتىڭ.

رازى ئەل سېنىڭدىن ئەي مەرد، پەلۋان،
دىللاردا روھىڭ چاقنىسۇن ھامان.

7

ئەسلەشچۇن دوستلارنى بىر زامان كېرەك،
مەڭگۈلۈك دوست ئۈچۈن سوقسا پاك يۈرەك.

مەن دەيمەن بولمىسۇن دوستلار «لەبى گۆر»،
ئەسلىسۇن دوست، دوستىنى چوقۇم بىر ئۆمۈر.

ئەسلەيمەن قەلبىمدىن چەكسىز ھۆرمەتتە،
ياش كەتتىڭ بىزلەرنى قويۇپ ھەسرەتتە.

تىرىشچان دوستۇم چىقماس يادىمدىن،
كەتمەيدۇ سېيماسى ھەر چاغ ئالدىمدىن.

جاپالىق مەشىق قىپ تومۇز- زىمىستان،
ئەجرىدىن قالدۇرغان ئۆتۈق بىلەن شان.

ۋادەرخ، شۇم ئەجەل جىنىنى ئالدى،
ھەيۋەتلىك پامىرنى لەرزىگە سالدى.

نىمىشقا ئەسلىمەي چىدايدۇ ۋىجدان،
ئۇ ئىدى پامىردا پارلىغان چولپان.

# باغ ناخشلىرى

(مۇھەممەد توختى ئەخمەتكە تەقلىد)

## باغ

مەرىپەت ئىشىكى داغدام ئېچىلدى،
بۇ باغدىن ئەتراپقا خۇش ھىد چېچىلدى.

ئەجەبمۇ دىللارنى قىلدى شادىمان،
يەن ـ بىلىم گۈلشىنى بولۇپ نامايان.

كۆلمەكتە بۇ باغدا ئىقبال پەرىسى،
يىغماقتا شىرنىلەر ھەسەل ھەرىسى.

تىنمايدۇ شام ـ سەھەر بۇلبۇل ناۋاسى،
بېسىقماي قىزىيدۇ بىلىم ساماسى.

ئەنە ئۈز شاخلىدى يۇمران كۆچەتلەر،
بىلىمدىن مەي ئىچتى چاڭقاق يۈرەكلەر.

يەن ـ بىلىم مەشئىلى ئۆچمەس بۇ چاغدا،
تەلپۈنسەڭ، ۋۇجۇدۇڭ قالمايدۇ داغدا.

# باغۋەن

مېھرىنى تۆكىدۇ باغۋەن بېغىغا،
قالمىسۇن دەپ بۇلبۇل ھىجران دېغىغا.

ئۇنتۇيدۇ ئۆزىنى، ئىشلەيدۇ ھارماي،
جاپالار چەكسىمۇ قىلچە ۋايسىماي.

ئەجرى زور ھەتتاكى تاغدىن ۋە لېكىن،
تەمەننا ئەيلىمەي يۈرىدۇ تەمكىن.

لىرىك كۈيى ياڭرايدۇ بېغىدا ھامان،
بىر بۈيۈك ئىستەكنى قىلىپ نامايان.

لالىدەك قەلبىمدە يانار مۇھەببەت،
نۇر بېرىپ قۇياشتەك باغقا تائەبەد.

ئىشقىدىن كۆچەتلەر ۋايىغا يېتەر،
مېۋىسى كۆڭۈلنى شادىمان ئېتەر.

مۇبارەك باغۋەننىڭ شەرەپلىك نامى،
قوللاردا بار شۇڭا ھۆرمەتنىڭ جامى.

## كۆچەت

ئورنىدۇر كۆچەتنىڭ كەڭرى باغ ـ ئېرەم،
بار بۇندا سۈزۈك سۇ، ساپ ھاۋا، كۆكلەم.

قەددىنى رۇسلايدۇ كۆچەت شۇ قەدەر،
پەرۋىشلەپ تۇرغاچقا باغۋەن تۆكۈپ تەر.

ئۇنىڭغا كۇندۇزى نۇر بەرسە قۇياش،
كېچە تون ئاي، ئەختەر بولىدۇ سىرداش.

غېمىدە كۆچەتنىڭ باغۋەن ھەر زامان،
ئىشق ئوتى دىلىدا مىسالى گۇلخان.

ئۇتۇقتىن تەمەننا قىلمايدۇ باغۋەن،
بولسىمۇ كۆچەتلەر مېۋىسى بال ـ قەن.

چاقنىسا مول مېۋە ھەر يىل ـ ھەر قارار،
باغۋەننىڭ قەلبىدە يانار ئىپتىخار.

ئىنتىزار ئۇتۇقىقا باغۋەن ھەر قاچان،
تۆھپىسى ساناقسىز كۆچەتتە ئايان.

## سەيلىگاھ

(روزى گۈلباينىڭ «سەيلىگاھ» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

رەڭگىمۇ رەڭ گۈلىستان سەيلىگاھ،
قۇياشقا يېقىن زەرەپشان سەيلىگاھ.

ئۆلگىسىز ئابىھايات، زۇمرەت سۈيى،
زەر چېچىپ ئاقتى زەرەپشان سەيلىگاھ.

زەر پۈركۈن بارچە گۈللەر ئىچىدە،
تاغ گۈلى مىسالى رەيھان سەيلىگاھ.

ئىز بېسىپ كەلگەندە ھەر كىم سەيلىگە،
بولدى ئاڭا ئۆشبۇ بوستان سەيلىگاھ.

گۈل تۈتۈپ، دەستە تىزىپ تۈرلۈك - تۈمەن،
سۆزدى ئەلگە ياخشى داستان سەيلىگاھ.

ئۆز - چىرايلىق بابىدا يېگانىسەن،
شاھ كىتابلار تەختىدە خان سەيلىگاھ.

«لاپ» دېمە، باغۇ ئېرەم يۇرتۇم دېسەم،
بېغى دەرسىنى كىتابخان سەيلىگاھ.

بارچە ئىقلىم سەن ئۈچۈن ھەيرانۇ ھەس،
سەن ھۆزۈرلۇق نەزمە-دىۋان سەيلىگاھ.

ئالغۇدەك بار تىلغا تۆھپەڭ شۇ قەدەر،
قىلدى نامىڭنى نامايان سەيلىگاھ.

# ناخشا تېكىستلىرى

## سەن ئۆزۈك

گۈلچىراي، قەلبى گۈزەل، پاك،
سۆيگەن نىگارىم سەن ئۆزۈك.
قاشلىرىڭ بەرگى قىياقتەك،
كۆزى خۇمارىم سەن ئۆزۈك.

سەن كەبى يارىم تېپىلماس،
قەلبىم ئارامىم سەن ئۆزۈك.
يۈزلىرىڭ ئاتەش مىسالى،
كۈندەك ناھارىم سەن ئۆزۈك.

ئايرىلىش مىڭ تەس سېنىڭدىن،
گۈلدەك باھارىم سەن ئۆزۈك.
بار گۈزەللىك جەم سېنىڭدە،
گۈل ئۈزارىم سەن ئۆزۈك.

## سايرىتىپ راۋابىمنى

چۆللۈكلەر بولۇپ گۈلباغ،
سايرىدى خۇشال بۇلبۇل.

ئاشماقتا داۋانلاردىن،
بەيگىدە تۇمەن دۇلدۇل.

سايرىتىپ راۋابىمنى،
تەڭكەش قىپ ساتارىمنى.
تاۋلىتاي كۈرەش ـ جەڭدە،
دىلدىكى قارارىمنى.

سايرىتىپ راۋابىمنى،
كۈيلەيمەن دىيارىمنى.
گۈلدەستە تىزىپ دوستلار،
ئالقىشلاي باھارىمنى.

## ۋەتەن قوينىدا

ۋەتەن بىغىمنىڭ گۈلىمەن،
شوخ سايرىغان بۇلبۇلىمەن.
ۋەتەننى گۈللەش يولىدا،
تالماس چاپار دۇلدۇلىمەن.

ۋەتەن ئانام ئوغلى ئۆزۈم،
ھۆسنىگە باققان كۆزۈم.

دەيمەن ۋەتەندە چىقسا جان،
رازى بولۇرمەن، ھەق سۆزۈم.

## دەۋرىمىز گۈزەل - پارلاق

دەۋرىمىز گۈزەل - پارلاق،
ھايات شاد ئۆتەر قۇۋناق.
كۈيلەيمىز ۋەتەن - ئەلنى،
ناخشىمىز ئەجەب ياڭراق.

خەلقىمىز چىۋەر بولغاچ،
گۈل بولدى ۋەتەن قوينى.
شان - زەپەر قۇچۇپ ھەر دەم،
ئوينايمىز زەپەر تويىنى.

ھارماس غەيۇر ئىشچان بىز،
مەرد، پالۋان چىلىشقان بىز.
گۈللەشكە ۋەتەن - ئەلنى،
ھەر ۋاقىت تىرىشچان بىز.

نەقرات: دەۋرىمىز گۈزەل - پارلاق،
ھەر مىللەت ئىجىل - ئىناق.

# گۈزەل پامىر

گۈزەل پامىر سىيماسى،
زۇمرەت كەبى ھاۋاسى.
كۆكتە ئۇچقان بۈركۈتنىڭ
دىلغا ياقار ساماسى.

چېچەر ئوغۇل-قىزلىرى،
پامىرنىڭ شوخ بەرناسى.
ياڭرار تاغدا زەپەرنىڭ
ئۈتۈق، شەرەپ ناۋاسى.

ئەمگەك سۆيەر خەلقى،
ئۆتەر ئىناق بەك ياخشى.
جاراڭلايدۇ ھەرياندا
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى.

نەقرات: تەڭداشسىز گۈزەل پامىر،
تىلدا كۈي غەزەل پامىر.

# تاغ ئوغلانى

يۇرتۇمنىڭ ئېتەكلىرى جەننەت ئۆزى،
قوينى كەڭ، ئالتۇنغا باي ئېگىز تاغلار.
زوقلىنىپ يۇلتۇزلىرى باقسا كۆكتىن،
خۇش پۇراق چېچىپ ئاڭا كۇلەر باغلار.

شۇ گۈزەل تاغلار ئۇنىڭ سىردىشىدۇر،
شۇڭلاشقا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كېلەر.
پەللىگە ئارمان بىلەن ئۆرلەيدۇ ئۇ،
بەختىنىڭ مەنىسىنى شۇندىن بىلەر.

جىسمىدىن قۇۋۋەت بەرگەن تاغلار ئاڭا،
ئۆستۈرگەن ئەركىلىتىپ شاماللىرى.
ئوخشايدۇ تاغ ئوغلانى بۈركۈتكە بەك،
كار قىلماس كۆھىقاپنىڭ بورانلىرى.

تاغلارنى ماكان تۇتۇپ ياشار مەغرۇر،
پەخەس بوپ قۇۋ ـ شۇملۇقتىن ئۆتكۈر كۆزى.
مۇشكۇللەر سوۋۇتالماس مېھرىنى ھېچ،
دېمەككى تاجىك ئوغلى پەرھاد ئۆزى.

## گۈلسۈرەت

تاغ گۈلىدۇر گۈلسۈرەت،
باغ گۈلىدۇر گۈلسۈرەت.
ياڭرىتار كۈي، ۋەتەنىنىڭ
بۇلبۇلىدۇر گۈلسۈرەت.

ئەلگە دىلدىن كۆيۈندى،
تۆككەن تەردىن سۆيۈندى.
كۆكسىدىكى قىزىلگۈل،
ئەلگە چۇغلۇق كۆرۈندى.

ئىشقىدا شوخ يىگىتلەر،
كۆيۈپ بولدى پەرۋانە.
ئىش ـ ئەمگەكتە تاۋلاندى،
پەرھاد كەبى مەردانە.

نەقرات: تاغ گۈلىدۇر گۈلسۈرەت،
باغ گۈلىدۇر گۈلسۈرەت.
ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ كۈيچىسى،
بۇلبۇلىدۇر گۈلسۈرەت.

## سالام سىزگە مۇئەللىم

سالام سىزگە مۇئەللىم،
چوغدەك قىزىل يۈرەكتىن.
سىزدىن قۇۋۋەت نۇر ئەمگەن،
ئېچىلغان گۈل - چېچەكتىن.

ھۆرمەتلەيمىز سىزنى بىز،
قۇياش كەبى قەلبىڭىز.
مېھرىڭىزگە قاندۇق بىز،
گۈلخان كەبى ياندۇق بىز.

قامۇسنى بىلىمنىڭ،
قولىمىزغا ئالدۇق بىز.
ئەجرىڭىزنى ئاقلاشتا،
جەسۇر ئەۋلاد بولدۇق بىز.

ئەجرىڭىزنى ئاقلايمىز،
يالقۇن بولۇپ چاقنايمىز.
سىزنى سۆيمەك ئەھدىمىز،
ئەلگە سادىق قەلبىمىز.

ۋەتەن ـ ئەلگە يارامىلىق،
ئەۋلادلاردىن بولىمىز.
مەدھىيىلەيمىز يۆرەكتىن،
ياڭرار ئەبەد ناخشىمىز.

نەقرات: ئەجرىڭىزنى ئاقلايمىز.
دادىل ئالغا چامدايمىز.

## گۈزەل ياشلىق

باھارنى بەك گۈزەل دەيدۇ،
باھاردىنمۇ گۈزەل ياشلىق.
قەدىرلىسە ئۇنى ھەركىم،
ھەمىشە قەلبىدە شادلىق.

گۈزەل ياشلىق ــ پۇراقلىق گۈل،
قىشۇ ياز تۇزۇماس ھەرگىز.
شۇڭا ياشلىق گۈزەللىكنى
سۆيۈپ ئەبەد قەدىرلەيمىز.

## كۈيلەيمىز باھار ـ يازنى

ئانىجان ۋەتەن قوينى،
تولدى گۈل ـ چىچەكلەرگە.

ھەر مىللەت خەلقى يەتتى،
ئارزۇ ھەم تىلەكلەرگە.

يۇرتنى ئەيلىدۇق بوستان،
يېزىلدى كۆپ غەزەل ـ داستان.
بولدى تۇرمۇش پاراۋان،
چەشلەرگە تولۇپ خامان.

يۇرتۇمنىڭ بەخت قوينى،
پۇركەندى قىزىلگۈلگە.
سۇرۇپ باھار پەيزىنى،
ئانجان ۋەتەن سەندە.

**نەقرات:** يايرىتىپ خۇشال سازنى،
كۈيلەيمىز باھار ـ يازنى.

## قوبۇل ئەتكىن سالامىمنى

سېنىڭ ھۆسنىڭ گۈزەل شۇنچە،
سېنىڭ ئەجرىڭ گويا تاغدەك.
زەپەر ـ شانىڭ مېنىڭ بەختىم،
دىلىم خۇشۋاخ، دېمەك تاغدەك.

سىنى كۆيلەش مېنىڭ بۇرچۇم،
ئانام سەن جانىجان مەكتەپ.
كۆكەرتتىڭ پەن ـ بىلىم بىلەن،
دىلىمنى، ئانىجان مەكتەپ.

قوبۇل ئەتكىن ئانا مەكتەپ،
مېنىڭ ئاددىي سالامىمنى.
چوڭقۇر دەريا ـ دېڭىزدىن،
مۇھەببەت، ئېھتىرامىمنى.

نەقرات: قوبۇل ئەتكىن سالامىمنى،
مۇھەببەت، ئېھتىرامىمنى.

## چوپان قىز

يايلاق گۈلى چوپان قىز،
ئاسماندىكى تولۇن ئاي.
تەنگە قۇۋۋەت، كۆزگە نۇر،
چوپان ئەتكەن قايماق چاي.

چۇغلۇق بولۇپ يايلاقتا،
كۆيەر مالغا دىلىمدىن.

كۆپەيگەندە مال چارۋا،
سۆيۈندى ئۇ ئەجرىدىن.

تۆھپە قىلدى خەلققە.
يۈك، قورۇت ھەم سېرىقماي.
ئەل ئاغزىدا داستان ـ كۈي،
بولدى ئاشۇ گۈلچىراي.

نەقرات: مېھنەت سۆيەر چوپان قىز،
ماڭا ھەمراھ بولامسىز.

## زەرەپشان

زەرەپشان ئەي زەرەپشان، ئەزىم دەريا،
ئاقىسەن ئالتۇن چايقاپ ئەسىرلەر بويان.
توختىماي ئېقىشىڭغا تارىخ گۇۋاھ،
ياشارغان قىرغاقلاردا ياشنايدۇ جان.

مەنبىيى ئېقىشىڭنىڭ گۈزەل شىڭشال،
دولقۇنۇڭ ئەجەب ياڭراق لىرىك ناخشا.
سەكرەيسەن تاشتىن تاشقا شوخ كېيىكتەك،
چاچرىتىپ ئۈنچە ـ مارجان كەڭ ۋادىغا.

نەقرات: كۆۋەجەپ ئاقىسەن زەرەپشان سۈيى،
بويۇڭدا ياڭرايدۇ چىن دوستلۇق كۈيى.

## ئانا يۇرتۇم بۇرمىسال

بۇرمىسالنى① تاغ دېمەڭ،
تاغ ئەمەس ئۇ، باغ بۈگۈن.
خەلقى ئىشچان، بەختىيار،
كەيپى خۇشال، چاغ بۈگۈن.

گۈلىستاندۇر چۆللىرى،
ياڭرار بۇلبۇل ئۈنلىرى.
ھەر تەرەپتە ئېچىلدى،
يۈكسىلىشنىڭ گۈللىرى.

خۇددى كىچىك شەھەردەك،
ئاۋاتلاشتى بۇ يۇرتۇم.
دىلغا ئارام بېغىشلار،
كۆرۈپ كەتكىن دوستلىرىم.

زەپەر قۇچقىن يەنىمۇ،
ئانا يۇرتۇم بۇرمىسال.
كىشىلەرنىڭ تىلىدا،
ناخشا ـ داستان بولۇپ قال.

---

① بۇرمىسال ــ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

## ئاق چېچەك

ئاق چېچەك، ئاپئاق چېچەك،
كەڭ دالىغا يايدى ئېتەك.
ئاق شايىغا ئوخشار زېمىن،
بەرگەچ سوغۇق ــ قىشتىن دېرەك.

ئاق چېچەك قىشنىڭ گۈلى،
نەۋ باھارنىڭ مەۋسۇمى.
ئۇ بىلەن ياشناپ كېتەر،
مەۋجۇداتنىڭ بارچىسى.

ئاق چېچەك، ئاپئاق چېچەك،
بىز ساڭا ئامراق چېچەك.
ياغرىتىپ شەنىڭگە كۈي،
ناخشىمىز ياڭراق چېچەك.

# غۇنچىلار ئاۋازى

## مەكتەپ گۈزەل

مەكتەپ گۈزەل شۇ قەدەر،
ئاڭا قاراپ تويمايمەن.
دەرس ئوقۇسام سىنىپتا،
باغچىسىدا ئوينايمەن.
تاپشۇرۇقنى بۇگۈنكى،
مەن ئەتىگە قويمايمەن.

مەكتەپ گۈزەل شۇ قەدەر،
گويا باھار پەسلىدەك.
باغرىدىكى نوتىلار،
ئاچقان ئەجەب خۇش چېچەك.
ئۇرۇپ ھىدى دىماغقا،
تېپىچەكلەيدۇ بۇ يۈرەك.

مەكتەپ گۈزەل شۇ قەدەر،
زەپمۇ ئىللىق ھاۋاسى.
كېچە-كۈندۈز ياڭرايدۇ،
بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى.

ئۆرلىمەكتە پەلەككە،
ياش ئەۋلادلار ساداسى.

مەكتەپ گۈزەل شۇ قەدەر،
كۈيلەپ شائىر بولغۇم بار.
شۇڭا هارماي تىرىشىپ،
مەن ئوقۇيمەن بەختىيار.
ئۇستازىمنى كۈيلەيمەن،
مېھرىمنى قىلىپ ئىزهار.

## كىتابنى مەن دوست تۇتتۇم

ئىلىم-پەن گۈل بېغىدا،
بىر چىرايلىق دوستۇم بار.
زەپمۇ كۆركەم ئىچ-تېشى،
كىتاب ئاتلىق دوستۇم بار.

ۋاقىت تاپسام هەر دائىم،
چۈشۈرمەيمەن قولۇمدىن.
ئوقۇپ بىلىم ئالىمەن،
ئازمايمەن هېچ يولۇمدىن.

كىتابنى مەن دوست تۇتتۇم،
ئاڭا ئىشقىم پەيۋەندە.
بۇ بەختىيار زامانغا،
ئوقۇيمەن كۈي - مەدھىيە.

چىك تۇتىمەن ۋاقىتنى،
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ.
ئىلىم - پەندىن شان قۇچۇپ،
نەتىجىگە ئېرىشىپ.

## بۇلبۇل بولۇپ سايرىدىم

بۇلبۇل بولۇپ سايرىدىم،
بىلىم بېغى گۈلشەندە.
قۇياش پارلاپ نۇر چاچتى،
ئۇستاز دەرس ئۆتكەندە.

ئىلىم - پەننىڭ بېغىدا،
مەن غۇنچىلاپ ئېچىلدىم.
ئۇستاز مېھرى، ئەجرىدە،
بىلىم ئالدىم، يېتىلدىم.

قولدىن بەرمەي ۋاقىتنى،
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ.
ئەلگە خىزمەت قىلىمەن،
دائىم ئالغا ئىنتىلىپ.

## پەنگە يۈرۈش قىلايلى

بىز غۇنچە، ياش ئۆسمۈرلەر،
پەنگە يۈرۈش قىلىمىز.
بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە،
بولۇپ دائىم ئوغۇل ـ قىز.
ئەجرىمىزدىن ۋەتەنگە،
گۈلدەستىلەر تىزىمىز.

زېھنىمىزنى ئۇرغۇتۇپ،
بولىمىز بىز ئەخلاقلىق.
جەسۇر ئەۋلاد بولىمىز،
ئەل ـ ۋەتەنگە يارامىلىق.
غايىمىزنى ئەمەلگە،
ئاشۇرىمىز داۋاملىق.

يولنى پەندىن سالىمىز،
پەندىن گۆھەر قازىمىز.

بىلىم ئاتلىق بوْلاقتىن،
بالوْ شەربەت ئىچىمىز.
پەن - بىلىمنىڭ كۆكىدە،
پەرۋاز قىلىپ ئوْچىمىز.

## كېلىڭ دوستلار

كېلىڭ دوستلار، جان دوستلار،
مەكتەپكە تېز بارايلى.
موْزاكىرە، دەرسكە،
بىز كېچىكىپ قالمايلى.
ئوْستاز بەرگەن بىلىمنى،
قەدىرلەپ ئۆگىنەيلى.

مەكتىپىمىز گوْزەل باغ،
بىز شوْ باغنىڭ كۆچىتى.
باغۋەن بولوْپ ئوْستازلار،
پەرۋىشلەيدوْ بىزلەرنى.
بىزموْ يوْرەك قېتىدىن،
ھۆرمەتلەيمىز ئوْلارنى.

كېلىڭ دوستلار، جان دوستلار،
ھامان ئەلا ئوقوْيمىز.

ئۇستازلارنىڭ سۆزىنى،
دىللاردا چىڭ ساقلايمىز.
بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدنى،
ھەرگىز يەردە قويمايمىز.

## بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى

بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى،
گۈل ـ غۇنچىدەك ئېچىلدۇق.
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ،
يېڭى سەپكە قېتىلدۇق.
بىلىم ئېلىش مەقسەتتە.
پەنگە يۈرۈش باشلىدۇق.

بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى،
ئۆگىنىمىز تېخنىكا.
بىزنى ئالغا باشلىغان،
ئۇستازلارغا ھەشقاللا.
بىزگە بىلىم گۈلشىنى،
قۇچاق ئاچتى كەڭ ـ تاشا.

زېرىكمەستىن ئۇستازلار،
بىزگە بىلىم ئۆگىتەر.

مېھرى گويا ئىللىق ئوت،
بىزگە چەكسىز كۆيۈنەر.
چېھرىمىزدىن نۇر ياغسا،
ئۇستازلارىمۇ سۆيۈنەر.

بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى،
قەدىرلەيمىز بىلىمنى.
گۈل ـ چېچەككە ئورايمىز،
ئانا ۋەتەن قوينىنى.
يەردە ھەرگىز قويمايمىز،
بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدنى.

بىز ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى،
بولۇپ ئىناق ـ ئىتتىپاق.
باغلايمىز چىن دىللاردىن،
پەن ـ بىلىمگە ئىشتىياق.
بۇ بەختىيار دەۋراندا،
ئىقبالىمىز كەڭ، پارلاق.

بىلىم بېغى ـ گۈلشەندە،
شوخ بۇلبۇلدەك سايرايمىز.
ئۇستازلارنىڭ ئەجرىدىن،
ئەركىن ئۆسۈپ يايرايمىز.

باغدا يۇمران نوتىدەك،
بىخلاپ ئۆسۈپ ئاينىيمىز.

ئۆگىنىمىز تىرىشىپ،
هامان ئالغا باسىمىز.
پەن ـ بىلىمنىڭ كانىدىن،
ئالتۇن ـ گۆهەر قازىمىز.
ئۇستازلارنىڭ ئەجرىنى،
دىلغا ئويۇپ يازىمىز.

بىز هەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى،
ئۇستاز ئەجرىنى ئاقلايمىز.
بەرگەن تەلىم ـ بىلىمنى،
يۈرەكلەردە ساقلايمىز.
ئەل ـ ۋەتەنگە يارامىلىق،
ئەۋلادلاردىن بولىمىز.

ئىگىلەپ پەن ـ بىلىمنى،
ئىجادتىن شان قۇچىمىز.
پەن ـ بىلىمنىڭ كۆكىدە،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمىز.
تۆهپىمىزدىن ۋەتەنگە،
گۈلدەستىلەر تىزىمىز.

## مەكتەپ بىغدا

ئېچىلماقتا مەكتەپ بېغىدا،
ئىناقلىق ـ چىن دوستلۇق گۈللىرى.
يەن ـ بىلىمنىڭ ئىشقىدا تىنماي،
سايرىماقتا شوخ بۇلبۇللىرى.

ياش نوتىلار ئۆسمەكتە ساغلام،
بىر نىيەتتە ــ ئالىي مەقسەتتە.
بىلىم ئېلىپ ئۇستازلىرىدىن،
شۇنچە قىزغىن، شۇنچە بەس ـ بەستە.

ياش ئۆسمۈرلەر يۇمران قەلبىدە،
ئالدى ئورۇن ياخشى پەزىلەت.
ئۆلارنىڭ شۇ ياخشى ئىشىدىن،
تارتىپ ئالدىم بىرقانچە سۈرەت.

بىز ئوقۇيمىز ئانا مەكتەپتە،
بۈگۈن ئازاد بەختىيار چاغدا.
چېچىپ پۇراق قىزىلگۈل ئوخشاش،
باغۋەن ئەجىر سىڭدۈرگەن باغدا.

بىز ھەر مىللەت ئىناق ـ ئىتتىپاق،
ھاياتىمىز ئۆتىدۇ خۇشۋاق.
ئەل ـ ۋەتەننى كۈيلەيمىز ئەبەد،
پەلەكنى قۇچقان ناخشىمىز ياڭراق.

سەھەر تۇرۇپ ئوينايمىز ھەرىكەت،
چېنىقتۇرۇپ ساغلام بەدەننى.
بولۇپ جەسۇر ئەۋلادلاردىن بىز،
پۈركەيمىز گۈلگە ئانا ۋەتەننى.

بېسىپ ئىزىنى قەھرىمانلارنىڭ،
ئەجدادلارنىڭ بولۇپ ۋارىسى.
يارامىلىق بىر ئەۋلاد بولۇشنى،
كۈتمەكتە بىزدىن ئەتە ـ كەلگۈسى.

مەكتىپىمىز بىلىم ئوچىقى،
تاۋلىنىمىز بىز بۇ ئوچاقتا.
بىخلار سۈرۈپ ئۆسىمىز ساغلام،
ئانا ۋەتەن ئىللىق قۇچاقتا.

بەك مېھرىبان ئۇستازلار بىزگە،
پەرزەنتتەك كۆرىدۇ بىزنى.

ئىلىم ـ پەنگە يېتەكلەر ھامان،
زېرىكمەستىن ئوغۇل ۋە قىزنى.

بويىنىمىزدا قىزىل گالستۇك،
باشلار بىزنى پارلاق ئەتىگە.
ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىش،
ئۇ بىزدىكى مۇقەددەس غايە.

## رۇبائىيلار

1

ۋەتەننى ئوخشاتساق مۇقەددەس تاغقا،
خۇش پۇراق گۇللىرى ئېچىلغان باغقا.
بىز شۇ تاغ بۈركۈتى، باغنىڭ بۇلبۇلى،
ئورۇن يوق سايراشقا قۇزغۇن ۋە زاغقا.

2

ۋەتەننى باغ دېسەك گۇللىرى بىزلەر،
ۋەتەننىڭ غىلمانۇ ھۆرلىرى بىزلەر.
ۋەتەننى بىپايان بىر دېڭىز دېسەك،
ئۈندىكى مەرۋايىت ـ دۇرلىرى بىزلەر.

3

ۋەتەننىڭ ھۆسنىدىن ئەمەن ئالغاچ ئىلھام،
قەلبىمدە ئۇرغۇيدۇ، تۈگىمەس ناخشام.
ۋەتەننىڭ ئاق سۈتى بەرگەچكە قۇۋۋەت،
قوغدايمەن ۋەتەننى سەھەرۇ ئاخشام.

4

گۇللىنىپ، گۇلزارغا ئايلانسا جۇڭگو،
چاقنايدۇ قەلبىمدە شۇ گۈزەل ئارزۇ.
ئەجرىمدىن تەر تۆكۈپ، ياسىسام گۇلباغ،
شۇ ئارزۇ ـ تىلەككە قانماستىن مەڭگۈ.

5

يۇرت سۆيەر ۋەتەننى سۆيىدۇ ھامان،
كەلتۈرۈپ ۋەتەنگە ئۆتۈق بىلەن شان.
بولىدۇ ۋەتەنگە، ئەلگە پاسىبان،
ۋەتەنگە ئاسىيغا بولار زىمىستان.

6

ۋەتەن دەپ سوقىدۇ مېنىڭ يۈرىكىم،
ۋەتەنگە تەلپۈنەر تائەبەد قەلبىم.
ۋەتەننىڭ مۇقەددەس ئالتۇن قوينىدا،
كۆمۈلسە جەسىتىم، شۇدۇر تىلىكىم.

7

مەرد ئوغلان سۆيىدۇ دىلدىن ۋەتەننى،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيگەن لەۋەننى.
ئەل ئۈچۈن كىم ياراتسا تۆھپە،
چىن ۋىسال قۇتلايدۇ ئۇنى ئەبەدى.

8

ۋەتەننىڭ قوينىدۇر مىسالى جەننەت،
ھۆسنى گۈل-گۈلىستان، يەرلىرى مۇنبەت.
ۋەتەننىڭ مېھرىدىن قۇۋۋەت ئەمگەننىڭ،
قەلبىدە جۇش ئۇرار سۆيگۈ-مۇھەببەت.

9

ئانامدۇر ۋەتىنىم ـ شوخ ئوغلانىمەن،
كۈرەشتە مەردانە بىر پالۋانىمەن.
قوغدايمەن ۋەتەننى جان تىكىپ هامان،
مۇز تاغدا ئېچىلغان گۈل ـ رەيهانىمەن.

10

ۋەتەننى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن،
قوينىدا پاك ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن.
كۆزىنى ئالايتسا ۋەتەنگە بىراۋ،
شۇ هامان ۋەتەندىن قوغلاپ سۈرىمەن.

11

تاغلىق مەن، تاغدا مەن، تاغ كەبى قەددىم،
تاغلاردا ياشىماق راھىتىم ـ بەختىم.
تاغ خەلقى قوينىدا ئۆستۈردى مېنى،
شۇڭلاشقا تاغلىققا بارلىقىم تەقدىم.

12

تاغدا ئۆستۈممەن، تاغ كەبى جىسمىم،
تاغنىڭ باغرىغا سىڭگەن پاك قېنىم.
تاغ كېسىپ چۆللەرنى ئەيلىگەن بوستان،
پەرهادتەك ئىرادە تاۋلىغان خەلقىم.

## 13

مىسلى چوغدەك قىزىلگۈللەر تەكشى ئېچىلدى،
پۇراقىدىن ھەر تەرەپكە مۇشكى چېچىلدى.
ئاشۇ گۈلنى پۇراپ قانماي سۆيىمەن ئەبەد،
ئىلىم - پەننىڭ دىلبىرىگە ئىشقىم قېتىلدى.

## 14

قەلبىمگە نۇر بەرگەن پۈتمەس ئىلىم - پەن،
ئۇلۇغلاپ يۈرەكتىن ئۇنى سۆيىمەن.
بىلىمدىن مەي ئىچىش ئارزۇ - تىلىكىم،
بىر ئۆمۈر بىلىمنى سۆيۈپ ئۆتىمەن.

## 15

قولۇمدا زەر قەلەم بىلەن دەپتىرىم،
ئۇچىدۇ كۆك يېرىپ خىيال كەپتىرىم.
ئىلىم - پەن ھېكمىتى، قۇدرىتى بىلەن،
چاقنايدۇ ئۆمرۈمدە ھەر بىر بەتلىرىم.

## 16

بىلىمدۇر ئىنساننىڭ پۈتمەس بايلىقى،
باشلايدۇ ئىنساننى مەنزىلگە ئاسان.
مۇساپە جاپالىق بولسىمۇ بىراق،
بىلىمدۇر كۈچ - قۇۋۋەت ئىنسانغا ھامان.

**17**

بىلىم قىممەتلىك، بۈيۈك ھەممىدىن،
ئىنسان ئۈچۈن ئۇ بىباھا گۆھەر.
بىلىم ھېكمىتى، قۇدرىتى بىلەن،
كىشى دېڭىزدىن مەرۋايىت سۈزەر.

**18**

كۆزۈمگە نۇر بەرگەن ئىرپان، ئىلىم ـ پەن،
شۇڭا چىن قەلبىمدىن سېنى سۆيىمەن.
نۆۋەيلىك چېغىمنى قەدىرلەپ ئەبەد،
پەن ـ بىلىم ئىشقىدا ئۆتتەك كۆيىمەن.

**19**

تىكلىپ قارايدۇ بىر گۈزەل نىگار،
ئەمەسمەن ئاشىقى ئۇنىڭغا زىنھار.
ئىلىم ـ پەن ئىشقىدا كۆيۈپ بىر ئۆمۈر،
پەن ـ بىلىم ئاتلىق گۈزەل يارىم بار.

**20**

ئەمەلدارنى كۆرسەم قاچان تەزىم قىلمايمەن،
غېرىب ـ غۇسسە نەرسىسىنى بۇلاپ ئالمايمەن.
ئەجرىمگىلا تايىنىمەن تۆكۈپ ھالال تەر،
ئەجىرسىز بىر تال دان تىلەپ يېمەيمەن.

**21**

بەختلىك مەن، بەخت قۇشى قونغان بېشىمغا،
شۇ بەختكە ھەمراھ بولۇپ يارىم قېشىمدا.
كۈيلىرىمگە كۈيلەر قاتقان گۈزەل يارىمنىڭ،
ئىللىق مېھرى ماڭا قولداش يازۇ قىشىمدا.

**22**

تەلمۈرۈپ قارايمەن كۆزۈڭگە يارىم،
شەيدا مەن ئەزەلدىن ئۆزۈڭگە يارىم.
بىر ئىرۇر ھەرقاچان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭ،
شۇ سەۋەب قايىلمەن سۆزۈڭگە يارىم.

**23**

ئىشەنگىن، يوق مېنىڭ سۆيگىنىم گۈليار،
شۇڭا مەن كۆڭلۈمنى ئەيلىدىم ئىزھار.
تاقىتىم تاق مېنىڭ تېز بەرگىن جاۋاب،
پىراقىڭ كۆيدۈردى مەن ئاشىق بىقارار.

**24**

سۆيىمەن چىن بەخت ئادالەتنى مەن،
سۆيىمەن ئەقىل ھەم پاراسەتنى مەن.
ھەقىقەت، ئادالەت يولىنى ياقلاپ،
يوق قىلاي شۇ قارا جاھالەتنى مەن.

25

قىز - يىگىتنىڭ ياشلىق باھارى،
ئوخشار گويا گۈلگە، چېچەككە.
مۇھەببەتنىڭ ۋىسال تۇيغۇسى،
يالقۇنلايدۇ ئوتلۇق يۈرەكتە.
مۇھەببەتكە سادىق بولغانلار،
ھامان يېتەر ئارزۇ - تىلەككە.

26

ماڭا گەر چاپلىساڭ مىڭ بوھتان - قارا،
ۋە لېكىن قەلبىم بولمايدۇ يارا.
ھەقىقەت ئېگىلىپ سۇنمايدۇ ئەبەد،
ياشايمەن شۇڭا مەن خۇش كۆلكە ئارا.

27

نائەھلى، قىزىل كۆز، ئىچى تار، قارا،
ئېشىڭغا سالماقچى چاڭگال، ھاك - توپا.
قىلمىشى پەسكەشلىك، بولغىن سەن ئاگاھ،
پەيت كۈتۈپ، قويۇۋەر كۆكسىگە پەشۋا.

28

گەر بىلسەڭ ئادەمنىڭ يايلىقى ئۇيقۇ،
مال - پادا يايلىقى كەڭرى قىر - يايلاق.

گەر ساڭا بولمىسا ئۇيقۇ ئارامگاھ،
تەپەككۇر قۇشلىرىڭ ئۇچىدۇ قانداق؟

29

يەر ئىچرە يىلتىزى بىجىرىم تۇرغاي،
كۆكىدە بوي سوزۇشار شۇڭلاشقا قارىغاي.
يېشىللىق بابىدا يېگانە قىش-ياز،
خەندە قىپ سايرايدۇ ئىشقىدا تورغاي.

30

تەخسىكەش تەخسىنى كۆتۈرەر ئېگىز،
«باشلىق»نى كۆرگەچكە جېنىدىن ئەزىز.
چاپسىمۇ كەينىدىن لالما ئىت كەبى،
تىيىنچە نەپ ئاڭا تەگمەيدۇ ھەرگىز.

# تۆيۇقلار

1

ئەگەر كىم تەربىيە بەرسە قوبۇل قىل، دېمىگىن سەن ياق،
بىلىپ قوي شۇ ساڭا چىن دوست، سىنەڭنى كۆكرىكىگە ياق.
ۋەتەن ـ ئەل ئاش ـ تۇزىنى يەپ كۆزىنى يۇمسا گەر كىملەر،
يۇرەك ـ باغرىنى قىل پارە، ئاڭا نەپرەت ئۇتىنى ياق.

2

قۇلاقنى دىلڭ تۇتقىن دوستۇم قىلاي تەنبىھ ئەمەس چاقچاق،
دەۋر ئۆزگەردى، مەنزىلگە قاراپ چۆرگەلدى مىڭلاپ چاق.
چۇشۇپ بەيگىگە تېز سەنمۇ يېرىپ تاغلارنى پەرھادتەك،
ئىلىم ـ ھېكمەت سىرىنى يەش، نادانلىق زەنجىرىنى چاق.

3

چاپقىن كەتمەن، تۇتۇپ سۇنى، زېمىن ـ يەر بولمىسۇن چۆل ـ يار،
يىگىتلىك غەيرىتىڭ بىرلە جاپانىڭ تاغ ـ تېشىنى يار.
بۇ جەڭ ئىچرە گويا پەرھاد كەبى غەلىبە قىلار بولساڭ،
قۇچاق ئاچقاي كېلىپ ئاخىر شېرىن سۇپەت جانانۇ يار.

4

ئۆزىنى ئەر چاغلىغان باتۇر، ۋەتەن ـ ئەل غېمىنى يەيدۇ،
چېپىپ كەتمەن، تۆكۇپ ساپ تەر، رىزقىنى ـ ئېشىنى يەيدۇ.
ئەگەر كىم بىراۋنىڭ ئۇماچىغا توپا سالسا
قېلىپ قارغىشىغا ئەلنىڭ، ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

5

ئويغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن، ئاتتى يورۇق تاڭ،
دانالارنىڭ ھېكمىتىنى يۈرىكىڭگە تاڭ.
ئىش ئىزلىرىڭ ھەققىدە سورالسا سوئال،
پو ئاتمىغىن، راست جاۋاب بەر، قالمىغىن ھاڭ-تاڭ.

6

ھورونلۇقتىن تائەبەدكە مېھرىمنى ئۈزدۈم،
ئىش-ئەمگەكنىڭ قايىنىمىدا بېلىق بوپ ئۈزدۈم.
ماڭلىيىمدىن تەر ئاققۇزۇپ گۈلباغلار ياساپ،
ئەجرىمنىڭ گۈل بەرگىدىن غۇنچىلار ئۈزدۈم.

7

كۆزۈڭنى يوغان ئاچ ، دوستۇم، تۇيۇق يولدىن يان،
كۈرەشلەردە سەپتىن قالما، تۇرغىن يانمۇيان.
بولۇپ ياۋغا قىش-زىمىستان، قاراڭغۇتۇن،
ئەلگە باھار، جۇلا تاشلاپ، مەشئەل بولۇپ يان.

8

تۈمەن سەۋدا مىڭ بالا چۈشسىمۇ باشقا،
ئېلىپ چىقارمەن چالا قويماي ئىشىمنى باشقا.
جىمى كۈلپەت-مۇشكۈلاتلار مەن بىلەن كېتىپ،
دەرد كۆرمىسۇن ھېچبىر كىشى مېنىڭدىن باشقا.

9

يار تۇرىدۇ بۇغدايزارلىق ئېتىز قېشىدا،
ھىلال ئاينىڭ سىياقى بار ئوڭ-سول قېشىدا.
مەن تۇرىمەن چېگرىدا — كۆزەتتە مەغرۇر،
ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى يارنىڭ قېشىدا.

10

بىر قارا يۈز بىر قولىدا سۇندى ئالما،
كۆڭلۇم خىتاب قىلىپ دېدى: «قولغا ئالما.
ھەزەر ئەيلە قارا نىيەت پەسكەشلەردىن،
تۈز نىيەتلەر ئۇرسا سېنى ئېغىر ئالما».

11

كۆرەشتە يولۇڭنى توسسىمۇ تىك يار،
يانمىغىن، رەقىبلەر كۆكسىنى تىل-يار.
بەيگىدە قۇچساڭ زور ئۇتۇق بىلەن شان،
كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ، ئەل-يۇرت ساڭا يار.

12

ئانا يەر ھۆسنىگە تويماي كۆز تىكتىم،
باھاردا سۇ باشلاپ جىرىملار تىكتىم.
يۇرتۇمنى لالىزار ئەتمەك يولىدا،
بارىمنى، ھەتتاكى جېنىمنى تىكتىم.

## 13

قولىدىن ئىش كېلەر كىشى بولسا باش،
ھەر ئىشتا شۈبھىسىز قېتىپ قالماس باش.
ئاخىرى بولغاندا چوڭ ھېساب ـ كىتاب،
نەتىجە خاتاسىز چىقار باشمۇ باش.

## 14

ئەر ئەمەس لەۋزىدىن ـ ۋەدىدىن يانغان،
ئالىمىپ ئاتا ۋە ئانىغا يانغان.
مەردلىكنىڭ كۆكىدە پارلار نۇر چېچىپ،
ھەقىقەت ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان.

## 15

كەلسە ئىت ئېتىلىپ، ئال قولۇڭغا تاش،
يامان خۇي ـ ئىللەتنى كۆرسەڭ قاينا ـ تاش.
دۈشمەننىڭ قانچىلىك بولسا بىل پىلدەك،
ھەرگىزمۇ دوستلارغا بولما باغرى تاش.

## 16

نامەردنىڭ كەينىدىن چاپتۇرمىغىن ئات،
بەرسىمۇ چوڭ «ئۇنۋان» ساڭا، يەرگە ئات.
بارىڭنى ئاتىساڭ ئەل ئىشى ئۈچۈن،
ئەل ساڭا قويىدۇ شەرەپلىك بىر ئات.

17

تۆپىلەپ يېشىمغا قوشۇلسا يۈز ياش،
يەنىلا دەيمەنكى، مەن نەۋقىران ياش.
ئەل ئۈچۈن كەتسىمۇ بۇ ئەزىز جېنىم،
كۆزۈمدىن زادىلا ئاققۇزمايمەن ياش.

18

قىلدىم يار زۇلفىنى راۋابىمغا تار،
يېتەلمەي ۋەسلىگە، چۈنكى يولۇم تار.
ئاتىدىم بارىمنى، پەرۋايىم پەلەك،
بىۋاپا شۇ يارنىڭ ئىچ-قارنى تار.

本集子选录了作者近年来所写的一部分诗歌。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**


## قۇياش قىزى


ئاپتورى: **شانىياز كەپەل**


---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 4.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000

---

ISBN 978—7—5373—1748—1
باھاسى: 10.00يۈەن

ISBN 978-7-5373-1748-1

9 787537 317481 >

ISBN978-7-5373-1748-1

（民文）定价：10.00 元